# دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى

- شېئىرلار -

*Thus Spoke the Sea*



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*Mutallip Saydulla*

# Thus Spoke the Sea

## - Peoms -



World Uyghur Writers Union

www.uyghurkitap.com

مۇتەللىپ سەيدۇللا

# دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى

- شېئىرلار -



دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇتەللىپ سەيدۇللا

# دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى

# Thus Spoke the Sea

By Mutallip Saydulla

(A Peoms Collection
(شېئىرلار توپلىمى)

Editor - in - chief: Tahir Hamut
Corrector: Fatimah Seyyah
Page design: Abdulaziz Akhun
Graphic on cover: Manekina Serafime

مۇھەررىر: تاھىر ھامۇت
كوررېكتور: فاتىمە سەيياھ
بەتچىك: ئا.ئاقھۇن
مۇقاۋا رەسىمى: مانېكىنا سېرافىمې

2019 - يىل ئىيۇل - بىرىنچى نەشرى

ISBN: 9781077139831

World Uyghur Writers Union | دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى
ئامېرىكا - USA

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابىمنى يىراقتىن دۇئالىرى بىلەن ھاياتىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدا مېنى ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ ياشاشقا ئۈندەپ كەلگەن دادام سەيدۇللا مەسسىدىق ۋە ئانام ئازادىخان خانىم خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .......... 007
قۇم قەلئە .......... 023
ئىككى سايە .......... 025
نامسىز پەسىل .......... 027
تابلېت دورا .......... 030
بەشىنچى پەسىل .......... 031
ۋاقىتنى سىزىش .......... 032
كۆزگە كىرىش .......... 034
نۆلگە قارشى .......... 035
سەھەرنىڭ ئاخىرى .......... 037
پاتقاق .......... 039
ئايال .......... 040
پىچاق .......... 042
نىگارغا .......... 043
سەھرا .......... 044
قىياس .......... 046
جاۋاب .......... 047



www.uyghurkitap.com

ئورۇندۇق ........................................................ 048
سول تەرىپىمدىكى سايە ........................................ 050
كۆتۈش ........................................................ 052
سوۋغا ........................................................ 055
رىۋايەت ........................................................ 056
خەت ساندۇقى ........................................................ 058
ئالما سېزىمى ........................................................ 060
تىلغا يوشۇرۇنۇش ........................................................ 063
بىرىنىڭ مۇقەددىمىسى ........................................................ 065
ئەتىگەنلىك گېزىت ........................................................ 067
شەھەردىن چىقىش ........................................................ 069
قاردا قەھۋە ئىچىش ........................................................ 071
باھار ........................................................ 073
بالىلىق ........................................................ 075
كىتاب ئوقۇش ........................................................ 077
سۆز قالدۇرۇش سۇپىسى ........................................................ 079
كۆلدىن گۈلگە ........................................................ 080
ئۇ؟ ........................................................ 082
ئاشىق ۋە ئەينەك ........................................................ 084
جۈملە ........................................................ 086




www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئۆيۈڭ ........................ 088
گۈل ........................ 090
دېرىزە ........................ 093
تۇغۇلغان كۈنۈم ........................ 095
ئوت ئۆچۈرگۈچى ........................ 097
تىراگېدىيە ........................ 100
كېچىدىن قايتقۇچى ........................ 101
كىتابتىكى شېئىر ........................ 103
سۆز ئوغرىلاش ........................ 105
تۇغۇلۇش ........................ 108
دېڭىزدا ئۇخلاپ قېلىش ........................ 109
تەئەججۈپ ........................ 112
يالغاچلىنىش ........................ 113
ئاچقۇچ ........................ 115
باشقا يەردىكى كېچە ........................ 117
تاش چېقىش ........................ 119
سۇنىڭ سۆڭىكى ........................ 121
رەڭ ئىزدەش ........................ 124
دېڭىزنىڭ لەۋلىرى ........................ 126
ئەما جۈملىلەرنىڭ كۆزىدە ........................ 128



www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئورىنتاك ........................................ 131
تارىخ................................................................ 134
مۇزىكا............................................................. 136
كېچىگە كىرىش ........................................... 138
سىنىڭدىكى پارچىلار ...................................... 140
خوتەن شىۋىسى ........................................... 145
يىرىم ناخشا ................................................ 147
ئۆلۈمنىڭ ئىگىسى ........................................ 149
ۋەھىي.............................................................. 151
سەپەر ............................................................ 153
قۇياش رىۋايىتى ............................................. 155
شېئىر ۋە ئاياللار ........................................... 156
ئىككىمىزنىڭ كۆزىدە........................................ 157
ئۆلۈم .............................................................. 159
دۇئا ................................................................ 160
رېئاللىقنى سىزىش ........................................... 161
كارىدور .......................................................... 163
سەھەرنىڭ تارىخى........................................... 164
شەنبىنىڭ تىلى .............................................. 166
ئاۋازدىكى سىر ................................................ 169



www.uyghurkitap.com

ئانام ........................................................................ 170
سېغىنىش........................................................................ 171
ئەجەل........................................................................ 172
جەنۇپ........................................................................ 173
جىنايەت ........................................................................ 174
شېئىر ........................................................................ 175
زامان ياپراقلىرى ........................................................................ 176
بەلگىسىز نوتىلار ........................................................................ 178
ئاشىقلار مۇزېيى ........................................................................ 180
تىلەك........................................................................ 181
تىل ........................................................................ 182
خوشلىشىش ........................................................................ 183
قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ........................................................................ 184
كۇتۇپخانا........................................................................ 186
دىراما........................................................................ 188
هايات ........................................................................ 189
مىلىك يالغان ........................................................................ 190
شائىر ........................................................................ 191
ئاخىرقى ئايال ........................................................................ 192
رىلىس ........................................................................ 196



www.uyghurkitap.com

سىما ........................................................ 198
ئالداش دەرىخى .............................................. 199
ئاشقىلار شەھىرى.............................................. 202
پارىژدا ئۇيغۇرچە سۆزلەش .................................... 204
سۈت سېغىش.................................................. 207
پادىچى بالا.................................................. 210
رەسسام...................................................... 211



www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

مەمتىمىن ئەلا

قولىڭىزدىكى بۇ شېئىرلار توپلىمىدا ئۇيغۇر شائىرى مۇتەللىپ سەيدۇللا بىرگە خۇددى دېڭىز ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلەيدۇ. شۇنىسى ئالاھىدىكى، بۇ يەردە ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتقىنى بىر ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇملۇق ياكى توغراقلىق ئەمەس، بەلكى بىز ئەمدىلەتىن يۈزمۇيۈز سەزگۈلەشكە ئادەتلىنىۋاتقان دېڭىزدۇر. ئادەتتە ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بىلەن دېڭىز ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر باغلىنىش يوقتەك بىلىنىدۇ ــــ ئەمما، بۇ باغلىنىشنى مۇتەللىپ ئۆز شېئىرلىرىدا ئاپىرىدە قىلىدۇ.

بىر ئۇيغۇرنىڭ، يەنە كېلىپ تەكلىماكان قۇملۇقىدا تەۋەللۇت بولغان بىر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ، دېڭىزنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشى ئالدى بىلەن بىزگە ئورۇن يۆتكىلىش تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى مەنسۇپ ئورۇندىن ئۆزى مەنسۇپ بولمايدىغان



www.uyghurkitap.com

ياكى بولالمايدىغان يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نوقۇل ھالدىكى جۇغراپىيەلىك ئورۇن يۆتكىلىشنىلا بىلدۈرمەيدۇ. ياكى ئۇ بىر كۆلتۈردىن چىقىپ، يەنە بىر كۆلتۈرگە كىرىشنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇ شائىرنىڭ ئورۇن يۆتكىلىشتىن كېلىپ چىققان تەسىراتلارنىڭ ئىدراكىدىكى «ئورۇن يۆتكىلىشى» نى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن، ئۇ شائىرنىڭ بارلىق يۆتكىلىشلەر تۈگىگەندىن كېيىن، مەنىۋى خاتىرجەملىككە ئېرىشىشكە ئىنتىلىشىدىن كۆرە، يېڭى يەردىكى ناتونۇشلۇق، يەكلىنىش ۋە ياتلىشىش ئېلىپ كېلىدىغان بارلىق مەنىۋى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كاللىسىدا قايتىدىن «يەرلەشتۈرۈش» ھەققىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، بۇ شېئىرلار فىزىكىلىق ئورنى يۆتكەلگەن بىر شائىرنىڭ بۇ يۆتكىلىش ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئاقىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلاردۇر. ئۇنىڭدا ئەسلىدىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويغان بىر شائىرنىڭ خۇددى دېڭىزدىكى بىر تال يېگانە ياپراق كەبى نىشانسىز لەيلەپ يۈرۈشىنىڭ ئەلەملىك كەچۈرمىشلىرى بار. ئۇنىڭدا بىر يوقىتىشنىڭ، ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز بىر يوقىتىشنىڭ، ئازابنى دېڭىزغا سۆرەپ بېرىۋاتقان بىر سەۋدا شائىرنىڭ ھاياتى بار.

مۇتەللىپنىڭ بۇ نىشانسىز ھاياتى ئادەمنى پاراكەندە قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆڭۈلنى ئاللىقاچان تىلغا ئالغاندۇر. ئۇ بىز ئوقۇرمەنلەر بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ كۆندىلىك ھاياتىنى ھېچقانداق بېزەكسىز، دەبدەبىسىز ۋە غەرەزسىز ئورتاقلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئادەتتىكىلىكىنى ئېسىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سەلتەنەتلىك تارىخ يوق، دەبدەبىلىك ۋەقەلەر يوق، پاساھەتلىك ھېسسىياتلار تېخىمۇ يوق. ئۇنىڭدا بارى دېڭىزنىڭ ئالدىدا ئۆتۈۋاتقان قۇرغاقلاشقان، پارچىلانغان، مەنىسىزلەشكەن ۋە ئېنىققان بىر ھاياتتۇر.

چاي ئورنىغا ئالماشقان قەھۋە
لاي ئورنىدا قوپۇرۇلغان ياغاچ تاختىلار
قىممەت باھالىق ئېلانلار
ئېسىل ماشىنا ھەم ۋاكازالار
ئوڭ ياكى دۆمدە ئايلىنىۋاتقان دۇنيا
ھېچ تەسەللى سوۋغا قىلالماس ماڭا.

«ئەتىگەنلىك گېزىت»

بۇ مەنىدىن،مۇتەللىپ بۇ شېئىرلاردا ھاياتتىكى بارلىق يۈكسەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ رەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. خۇددى ئۇ بۇ دۇنيادا مۇقەددەسلىكنىڭ ئەمدى مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ـــــ ھېچ بولمىسا سەنئەتتە بۇرۇنقىدەك



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زوق-شوق بىلەن ئىپادىلەنمەيدىغانلىقىنى — جاكارلاۋاتقاندەك. شۇنىڭدەك، مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا، ئىدىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، كۆپرەك سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تەسىراتلىرى يېزىلىدۇ. ئۇلار ئادەمنى سەزگۈلەردىن پۈتكەن بىر تۇگۈنچ سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇلاردا دۇنيا پەقەت سەزگۈمىزدىلا مەۋجۇتتۇر. ئۇنىڭ سىرتىدا ھېچ نەرسە يوق. بۇ سەزگۈلەر پەقەت كۈندىلىك ھاياتنىلا ئىدراكلايدۇ.

شېئىردا كۈندىلىك ھاياتنىڭ — ياكى، تېخىمۇ توغرىسى، كۈندىلىكلەشكەن ھاياتنىڭ — ئىپادىلىنىشى ئۇنچە يېڭىلىق ئەمەس. غەرب شېئىرىيىتى، جۈملىدىن غەرب رومانتىزمىدا، كۈندىلىك ھاياتتىكى شەيئىلەرنى ئىپادىلەش قىزغىنلىقى بولغان. بۇ قىزغىنلىق ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئارقىسىدا قانداقتۇر مۇكەممەل بىر نەزەرىيە يوق. ئۇنى پەقەت بىز ياشايدىغان كۈندىلىك ھاياتنىڭ بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان سېھرىگە بولغان تەبىئىي ياكى بەدىئىي مەپتۇنلۇق سۈپىتىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ كۈندىلىكلەشكەن ھالىتىنىڭ بىزدە قوزغايدىغان پەۋقۇلئاددە ئىدراكلىرى، قىزغىنلىقلىرى، ھېسلىرى ۋە ھاياجانلىرىنىڭ سەنئەتتە ئالاھىدە ئىپادىلىنىشىدۇر.

نېمىنىڭ ۋىزىيونلۇق بولۇشى بىلەن نېمىنىڭ كۈندىلىكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىلگىرى مەشھۇر ئىنگلىز



www.uyghurkitap.com

رومانتىك شائىرلىرىدىن ۋوردسۋورس بىلەن كولېرىجنىڭ دىققىتىدە بولۇپ كەلگەنىدى. ئادەتتە ئىنگلىز رومانتىزم شېئىرىيىتىنىڭ «خىتابنامىسى» دەپ قارىلىدىغان، ھەمدە 1802 ـ يىلىدىكى 3 ـ نەشرىدە مۇقىملىشىپ ئېلان قىلىنغان «لىرىكىلىك باللادىلار» غا يېزىلغان كىرىش سۆزدە، ۋوردسۋورس شېئىرلىرىدىكى پرىنسىپال ئوبيېكتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ — ئۇ «كۈندىلىك ھاياتتىكى ھادىسىلەر ۋە ھالەتلەرنى تاللايدۇ. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ ياكى ئۇلارنى مۇمكىن بولغان دائىرىدە كىشىلەر ھەقىقىي ئىشلىتىدىغان تىلدا تەسۋىرلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئادەتتىن تاشقىرى شەكىلدە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تەسەۋۋۇرنىڭ بەلگىلىك رەڭ بېرىشىنى تاشلايدۇ.» ئۇنىڭ شېئىرىيەتنىڭ كۈندىلىك ھاياتقا قايتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىر ئىنقىلاب دېيەلمىسەكمۇ، ئادەمنىڭ كاللىسىنىڭ «بىلىنگەن ۋە تونۇشلۇق» ھادىسىلەردىن «ئويغىنىپ»، «بىلىنمىگەن ۋە ناتونۇش» ھادىسىلەرگە ئېچىلىشىنى تەرغىب قىلىش، دېيەلەيمىز. بۇ ھەقتە كولېرىج بىزنى «ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۇيقۇسى» دىن ئويغىنىشقا، بىزنىڭ رېئاللىققا بولغان سېزىمچانلىقىمىز ۋە بىلىشىمىزنى توسۇۋالىدىغان «تونۇشلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ پەردىسى» نى قايرىۋېتىشكە ۋە شۇ



www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق كالىلىمىزنى كۆندىلىك نەرسىلەردىن كېلىدىغان «يېڭىلىقنىڭ جازىبەسى» گە ئېچىۋېتىشكە چاقىرىق قىلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئەسىرىدە ياۋروپادا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ۋە سەنئەتتە ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ھېسسىياتلىرى ۋە تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى تەرغىب قىلىدىغان رومانتىزمنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پېشۋاسىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى نەرسىلەرگە «يۈزلىنىش» نى تەشەببۇس قىلىشى بىزگە سەل ـ پەل غەلىتىلىكتەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نوقۇل ھالدا ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ مەنىدىن، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىدا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدە، تەبىئەتنىڭ ئىلمىي ئەقلىيلىشىش دولقۇنلىرىدا ۋە ئاقارتىش دەۋرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك نورملىرىدا بېسىۋېلىنغان شەخسىي ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئادەمنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن نامايان قىلىشتەك ئۇلۇغۋار بىر ئىستەك بار. ئۇلار بۇ ئارقىلىق سەنئەتتە ئادەمنىڭ زىيادە ئەقلىيلىشىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەقلىيسىز ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشنى ئەھمىيەتسىز دەپ قاراشقا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى، مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىغا كەلسەك، ئۇلاردا مەلۇم



www.uyghurkitap.com

مەنىدىن كېيىنكى ـ مودېرنىزملىق رومانتىزمنىڭ خاھىشلىرى بار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يەنى، بۇ شېئىرلاردا كېيىنكى ـ مودېرنىزمنىڭ مەركەزسىزلەشكەن، پانىيلاشقان، نىسبىيلەشكەن، چەكلىكلەشكەن ۋە كۆپ قىرلاشقان دۇنياسىدىكى ئادەمنىڭ ئاددىي ئەمما ھەقىقىي كەچۈرمىشلىرى بار. ئۇلاردا ئالاھىدە ۋاقىت، ئورۇن، يۈكسەكلىك ۋە قانۇنىيەتلەر ھەققىدە بايانلار يوق. ھەممە نەرسە بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ــــ ھەتتا ئۇلۇغلۇق بىلەن پەسلىكنىڭمۇ پەرقى يوقالغان. خۇددى كېيىنكى-مودېرنىزم ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ھەقىقەت، ئەخلاق، مېتافىزىكا ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىغا قارشى چىققاندەك، بۇ شېئىرلاردىمۇ بۇ چۈشەنچىلەرنى دەماللىققا تاپقىلى بولمايدۇ ــــ گەرچە ئۇلاردا يەنە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش شەكىللىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ.

كېيىنكى-مودېرنىزملىق رومانتىزم نۇقتىدىن ئالغاندا، مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا «مەن» پارچە-پارچە ھالەتتە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ئالەمنىڭ گۈلتاجى بولمىش بۇ «مەن» ئەتراپىدا چۈشىنىكسىز يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت دۇنيانى كۆزىتىپ ۋە ئۇنى باھالاپ تۇرىدىغان «سۇبيېكت» سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى باشقىلار، ناتونۇش نەرسىلەر ۋە يات ئىدىيەلەر تەرىپىدىن كۆزىتىلىدىغان ئوبيېكت سۈپىتىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سۇبيېكت-سۈپىتىدىكى-



www.uyghurkitap.com

مەن ئوبيېكت-سۇپېتىدىكى-مەنگە ئايلىنىدۇ ــــ ۋە يەنە تېزلا ئەسلىگە قايتىدۇ. بۇ «مەن» رېئاللىقنىلا ئەمەس، بەلكى رېئاللىقمۇ بۇ «مەن»نى كۆزىتىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى رېئاللىق بىلەن «مەن» بىر-بىرىگە ئۆتۈشىدىغان ھالەتلەردۇر. بۇلار ھەرگىزمۇ بىرى مەركەز، يەنە بىرى گىرۋەك؛ بىرى بەلگىلىگۈچى، يەنە بىرى بەلگىلەنگۈچى بولىدىغان ھالەتلەر ئەمەستۇر. شۇڭا، مۇتەللىپنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا قوش كۆزىتىش نۇقتىسى بىر-بىرى بىلەن توختىماستىن ئالمىشىپ تۇرىدۇ ــــ «مەن» ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم كۆزەتكۈچى ھەم كۆزىتىلگۈچىدۇر؛ ھەم رېئاللىقنى باھالىغۇچى ھەم ئۇ تەرىپىدىن باھالانغۇچىدۇر؛ ھەم ئۇنى ئوقۇغۇچى ھەم ئۇ تەرىپىدىن ئوقۇلغۇچىدۇر. شۇ سەۋەب، مۇتەللىپنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا رېئاللىقنى سىزىش ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بار. بۇ تەسۋىرلەرنىڭ ھېچقايسىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشمايدۇ، چۈنكى ئۇنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان سۇبيېكت مۇستەقىل مەۋجۇت ئەمەس. بۇ سىزىشلار، شەكىللەر ۋە رەسىملەر ئاخىرىدا پۈتمىگەن، پارچە-پۇرات ۋە ئەرزىمەس ھالەت سۈپىتىدە جايىدا قالىدۇ.

مەن كەتتىم زاماندىن ئاستا
بىر مەكتۇپ ئوقۇلماقتا ئارقامدىن
ۋاقىتنىڭ كېمىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ



www.uyghurkitap.com

بىر ئورىدا سىزدىمەن
ھەي، بۇ ھايات قىزىق

«ۋاقىتنى سىزىش»

مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدا ئادەمنىڭ پانىيلىقىنى يوشۇرۇن تەبرىكلەش بار. ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە تۇرغۇن، ئەزەلىي ۋە مەڭگۈلۈك ئەمەس. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىش ئىچىدە —— ئۆزگىرىشچاندۇر. ھەممە نەرسە كۆز ئالدىمىزدا، قولىقىمىزنىڭ يېنىدا ياكى تېرىمىزنىڭ ئۈستىدىلا يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدا، خۇددى ھايدېگېرنىڭ «دازاين» ى (Dasein) (تەرجىمىسى ئۇ-يەردە-بولماق، مەۋجۇتلۇق) باشتىن كەچۈرىدىغان بۇ دۇنياغا تاشلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مەۋجۇتلۇق ئەنسىرىشى بىلەن كۈندىلىكلىشىپ، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ھالدا باشقىلار بىلەن بىللە ياشايدىغان مەۋجۇتلۇق ھالىتىنىڭ تېز سىزمىسى بار. گەرچە بۇ ئۇ قەدەر پەلسەپىۋى شەكىلدە ئىپادىلەنمىسىمۇ.

بۇ شېئىرلاردا ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنى ۋەيران قىلىۋاتقان لاگېرلار ۋە تۈرمىلەرنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئۆلۈم ھەققىدە ھېچ نېمە يوق. بۇ چۆچۈتەرلىكتۇر. ئوقۇرمەنلەر ھەقىقەتەن مۇتەللىپنىڭ بۇ ھەقتە بىرەر مىسرا قەلەم تەۋرەتمىگىنىدىن قاتتىق



www.uyghurkitap.com

ھەيران قېلىشى مۇمكىن. ئۇ خۇددى ۋەتىنىنىڭ قايغۇسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ياشاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى خۇددى ئۇ ياشاۋاتقان دېڭىز بويىدىكى شەھەرنىڭ ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان كۆندىلىكلىكىدە ھەممىنى ئۇنتۇغاندەك — خۇددى ئۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايۋاتقاندەكلا بىلىنىدۇ.

بىز شەھەرلەرگە مىڭ رىۋايەت سۆزلىسەكمۇ رەت - رەت
كۆزلىرىنى مىت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدۇق ئاخىرىدا.
ھېچكىم بىلەن، ھېچ زامان بىلەن كارىمىز يوق
ھەرقانداق تىل بىلەن ئىشىمىز يوق
بىزنىڭ شۈكرى دېدۇق بىز ئاسمانغا قاراپ
بۇ شەھەردە، بۇيەردە ھېچكىم بىلمەيدىغان ئانا تىلىمىزدا.

«رەڭ ئىزدەش»

مۇتەللىپنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇۋېلىشقا زورۇقىۋاتقان ھاياتىدىن بىز يەنىلا ئۇنىڭ تېرەن غېرىبلىقىنى بايقايمىز. بۇ شېئىرلاردىن بىز ئۇنىڭ كېچىلىرى ۋەتىنىنى ئازابلىق سېغىنىشىنى ۋە بۇ سېغىنىشلاردا ھالسىرىغان ۋۇجۇدىنى ئەتىسى يەنە سۆرەپ، يېڭى بىر كۈنگە قاتنىششقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز. ئەمما،



www.uyghurkitap.com

بۇ شېئىرلاردا بۇ سىغىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكلۈكىدىن كېلىپ چىقىدىغان ۋايساش، ئاھ ئۇرۇشلار يوق. ئۇنىڭدا مۇتەللىپچە ئاز ـ تولا كالامپايراق كەلگەن بىر ئۇھسىنىش، يالغۇزسىراش ۋە دەرۋىشانە خىياللار بار. ئۇ بەزىدە پات ـ پات ئۆزى چوڭ بولغان تۇپىلىق ۋە چۈشىسىمان ئاشۇ مەھەللىگە قايتىپ، ھاياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بەزىدە ئانىسىنى سىغىنىش ئارقىلىق، مۇھەببەتسىزلىك ۋە باغرىتاشلىقتا تولغان دۇنيادىن قاچماقچى بولىدۇ. بەزىدە دادىسىنىڭ ئۈگۈتلىرىنى ئەسكە ئېلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەقىلگە تولغانلىقىنى، ئەرلىكىنى نامايىش قىلماقچى بولىدۇ. مەيلى، قايسىلا شەكىلدە بولسۇن، ئۇ ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بىر يەردە — ئەمدى باشقا يەرگە ھەرگىز كېتەلمەيدىغان بىر يەردە — پەقەت ئەسلىمىسىنى قايتا جانلاندۇرۇش ۋە كۆز ئالدىدىكى دۇنيانى سەزگۈسىدىن قايتا ـ قايتا ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا ياشاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

بۇ شېئىرلاردا مۇتەللىپنىڭ ئېھتىمال بىز ئوقۇرمەنلەرگە مەڭگۈ دېمەيدىغان — بەلكىم دېيەلمەيدىغان — گەپلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇ كېچىگە تېۋىنىدۇ. پەقەت كېچىدىلا ئۇ ئۆزىنى بىمالال ئاشكارىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۆزىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغان ئادەملەرگە — جۈملىدىن، «ئاسماندىن خۇددى يامغۇردەك ياغىدىغان» ياكى كېچىدە



www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ تېتىكلىشىپ كېتىدىغان ئاياللارغا — كۆرۈنۈپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىدىنمۇ ۋايىم يەپ كەتمەيدۇ. ئۇ خۇددى ئۆزىنى ئاشكارىلاش مەيتۇنلۇقىغا گىرىپتار بولغاندەك، كېچىدە ناتونۇش كوچىلاردا يالىڭاچ مېڭىشنى يوشۇرۇن ئىستەيدۇ.

تۈنۈگۈن كەچ قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن خامۇش يىللار
يوپۇرۇلۇپ مېنىڭ كارىۋىتىمغا كېلىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ
سوراق يوق دەپ ياشاۋاتقان بىر ئايال
ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ
باشقا بىر يەردىكى كېچە
ئۆيۈمنىڭ كېچىسىگە ھېچ ئوخشىمايدۇ
كېچىنىڭ سالقىنلىقى ئۇنىڭ تېنىدىن ئۇزۇن بولىدۇ
رەھمەتلىك مومام ھەر كېچىسى چۈشۈمگە تەبىر بېرىدۇ
تەقدىر تەبىردە كۆيۈپ تۈگەيدۇ

«باشقا يەردىكى كېچە»

مۇتەللىپنىڭ جىمجىت، ئاددىيلاشقان، ئېغىر، چىدىغۇسىز ۋە تەكرارلىنىدىغان ھاياتىدا، ئۇ يىراقتىن سېغىنىدىغان بىر «سەن» بار. ئۇنىڭ دۇنياسىدا پەقەت ئىككىلا ئادەم بار — بىرى شائىر سۆيۈپتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان «مەن»، يەنە



www.uyghurkitap.com

بىرى ئۇنىڭ قارشىسىدىكى «سەن». بۇ «سەن» ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەي ئۇنى قىينايدۇ. ئۇ بۇ «سەن» گە قانچە ئىنتىلگەنسېرى، بۇ «سەن» ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن شۇنچە يىراقلىشىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۇ ھەممىنى مۇشۇ «سەن» ئۈچۈن بەخشەندە قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ — ئەمما قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىدۇ — ئەمما كېچەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم قوينىدا يوقاپ كەتمەكچى بولىدۇ — ئەمما يوقاپ كېتەلمەيدۇ.

خۇددى ئەسەبىي تۇيغۇدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز
سۆرىلىپ چىققاندەك كوھىقاپتىن
مەن يالىڭاچ پېتى دالىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سېنى تىڭشىدىم.
چېلىنماقتا ئەشۇ مۇزىكا يىراق بىر جايدا.

«مۇزىكا»

«سەن» نىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەنسېرى، مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇرلىرىدا باشقىلاردىن ۋە ھەتتا ئۆزىدىنمۇ يوشۇرۇپ كەلگەن مۇنداق خىيالنى غىل-پال ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ — ئادەم ئۆلتۈرۈپ بېقىش. ئەلۋەتتە، بۇ بىر خام خىيالدۇر.



www.uyghurkitap.com

مۇتەللىپ ئۇنداق قىلمايدۇ ھەم قىلالمايدۇ. ئەمما، ئۇ بىر خىللىققا تولغان ئاددىي ۋە بىمەنە ھاياتتىن بەزىدە مانا مۇشۇ رادىكال يۇلقۇنۇش بىلەنلا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىغا چىن پۇتۇپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئېغىر-بېسىق كۆرۈنىدىغان ۋۇجۇدىنىڭ قات-قېتىغا سىڭگەن ئەسەبىيلىك ئارقىلىق ھايات ئىكەنلىكىنى، بىر ئارمانغا ئەگىشىپ ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە يىراقتىكى بىر «سەن» گە تەلپۈنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى بىر ئادەتلەنگەن شېئىرىيەت قائىدىلىرىنى ئاز-تولا بۇزۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن شائىر بىلەن شېئىر ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئارىلىق چۈشەنچىسىنى ئامال بار ئىنكار قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭچە، شېئىر شائىر يازىدىغان سەنئەت شەكلى ئەمەس، بەلكى شائىرنى يازىدىغان سەنئەت شەكلىدۇر. مۇھىمى، شېئىر يېزىش ئۇنى ئۆزى بىلەن كېلىشتۈرىدۇ. قەلبىنى بوشىتىش تاپقۇزىدۇ. ئۇنى دۇنيا بىلەن ياراشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ خەتەرلىك ئىدىيەلىرىگە چىقىش يولى تېپىپ بېرىدۇ. ئۇنى ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئامنى بىر دەم بولسىمۇ ئۇنتۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئېھتىمال، بۇ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شېئىر ئوقۇشقا ۋە ئۇنى يېزىشقا مەپتۇن بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا بولغان ئاجايىپ بىر ئىچ كۆيەرلىكنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ئۇ تىلدا، تىلى



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدا ياشاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بۇ تىلدا ئۇ شېئىرنى بەزىدە ھەددىدىن زىيادە كۆندىلىكلەشتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ جىددىيلىكى ۋە كەسكىنلىكىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. بەزىدە بۇ رادىكال كۆندىلىكلەشتۈرۈشنى ئۇنىڭ رېئاللىقتىن قېچىشقا ئۇرۇنۇش يولىمىكىن دەپ قالىمەن. ياكى ئۇ بۇ ئارقىلىق رېئاللىقتىكى مەنىسىزلىكنى ئەڭ سەممىي شەكىلدە تەن ئېلىشقا قىزىقسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ پەقەت بىزنىڭ بۇ شېئىرلار ھەققىدىكى قىياسلىرىمىزدۇر. ئېھتىمال بىز خاتالىشىۋاتقاندۇرمىز. مۇھىمى، ئۇ بىر يوقىلىۋاتقان تىلغا قاتتىق ئىچ ئاغرىقى تارتىۋاتقان ۋە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا غالجىرلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقان بىر شائىردۇر. ئۇ تىل ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ قويغان ۋە ھەتتا ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ھەرقانداق بىرى بىلەن دۈئېلغا چىقىشتىن يانمايدىغان بىر شائىردۇر. بۇ مەنىدىن، ئۇ شېئىر ئارقىلىق ياشاشنى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈشنى ئىزدەيدىغان شائىردۇر.

2019 ـ يىل، 7 ـ ئىيۇل، ئەنقەرە



www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

# قۇم قەلئە

ئادەم بىلەن گىياھلار
قەلەم بىلەن سىياھلار
سۆيۈشمەيدىغان بىر شەھەر بار.
ۋاقىت بىلەن زامان ئوتتۇرىسىدا
رەڭلەر دېڭىزدا يۇيۇنىدۇ
سۆزلەر تۇغلاردەك لەپىلدەيدۇ
بۇ شەھەرنىڭ تەسەۋۋۇرى بىر ئەما رەسسامغا تۇتقۇزىلىدۇ.
دېڭىزلار
گىرەلەشمە جەڭگە ئۆتىدۇ
ۋاقىت
يېتىمسىراپ ھالسىرايدۇ
كوچىنى يالىڭاچ ئادەملەر قاپلايدۇ
ياكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ ھېچ خۇش خەۋەر قالمايدۇ
بىز ھالسىرىمايمىز



www.uyghurkitap.com

ھەمدە تەئەججۇپلەنمەيمىز
خۇددى بۇ شەھەر بىزگە يەر ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك.
بىز گىرامماتىكىلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز
ئاندىن
شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىمىز ئۈچۈن قۇمدىن بىر قەلئە ياساپ
ئاچقۇچىنى يوشۇرۇپ قويىمىز.

2018 ـ يىل 19 ـ ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# ئىككى سايە

ئاردا ئېقىۋاتقىنى شاۋقۇنلۇق، ئەمما تىلسىز بىر دەريا
كۆيۈۋاتقىنى مۇزنى يېپىنچا قىلغان ئاتەش
ئۇلارنىڭ بىلمەيدىغىنى بىزدىن مۇستەسنا تارىخ
سېنىڭ يادلىۋالغىنىڭ ساڭا قاراپ ئېقىۋاتقان كۆلەڭگۈسىز ئاشىق.

يوللار تۇغۇلىدۇ گۈلۈم
يوللار توغرىلىنىدۇ
ئۇلار بىز ئۈچۈن بىر ئېقىش دەۋرىگە قايتىدۇ
نۇرغۇن سىرلار ئېچىلىدۇ، ئەمما قايتا ئۈنمەيدۇ
نۇرغۇن كۆلەڭگۈلەر كۆمۈلىدۇيۇ يەنىلا ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ
نۇرغۇن گۈللەر توزۇپ كېتىدۇ، بىز يەنىلا ئۇلارنى گۈل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز.
يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بىزنى چارچىتىدۇ، بىز يەنىلا چىدايمىز.
بىر روھنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولمىقى پەقەت ئېيتىلغان



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

ناخشىلاردىمۇ؟
سەن بىلمەيسەن،
مەڭگۈ بىلمەسلىككە تىرىشىسەن.
ئاندىن ئادەمسىز بىر چۆلدە گۈل ـ گىياھلار بىلەن قۇچاقلىشىسەن
بۇ يەردە ئىككى سايە ياتىدۇ توپىغا مىلىنىپ
ئۇنىڭغا مىنىپ ئويناۋاتقىنى ئوماق باللار
سەن ھېلىھەم شۇ چۆللۈكتىن قېچىپ قۇتۇلماقچىمۇ؟

2018 ـ يىل 19 ـ ئىيۇن



www.uyghurkitap.com

# نامسىز پەسىل

ھېچنېمە مەنادا ئەمەس،
يالىڭاچلىنىپ قالساق غازاڭلار كەبى،
ئېگىز ئاققان بىر دىيالوگقا قادىلىپ.
سىزنىشقا قادىر ئەمەسمەن
سەنئەتنى، پەلسەپە ياكى باشقا نەرسىنى
بىراق،
بىز ھەممىمىز يالىڭاچ بىر كەچمىشنى چۈشىنىمىز
گەرچە جۈملىلەر ھامىلىدار بولسىمۇ.
ئۇلارمۇ ئادەملەردەك،
ئۇلارمۇ جانلىق
تەڭقىسلىقتا قويما قۇياشنى.
ياكى
تۇغۇلغانمۇ ئۇلار بىر كېچىدىكى ھىجراندىن؟
باھار ئاخىرلاشتى،



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ياز ئۆتۈپ بولدى ئاخىرقى دەرسنى
تەپەككۇرنى ھەزىم قىلماسلىقتا قەسەم قىلغانلار ئۈچۈن
يوللار يالىڭاچ.
كوچىلار ياپراقلارغا ئېسىلىپ قالغان
سەن مېنى يېپىنچا قىلغانىڭغا ئوخشاش
بۇ كۈز ھاۋاسىدا
كەل، بىردەم سۆزلىشەيلى!
مەن ۋەياكى ئاجرىشىپ، يوقاپ كەتكەن جۈملىلەر ئۈستىدە
دەرەخلەر ئۆلۈپ قالدى دەپ سىقىلما،
ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش
مۆھۈردەك بىر تارىخنى قەلبىگە يوشۇرغان.
بولدى ھالسىرىما،
لېرىك بىر مۇزىكا ئاڭلايلى بىردەم
بولدىلا، بۇ يەرلەردە غەۋغالار كۆپكەن
ياكى بولمىسا سېنىڭ شۇ كۆزلۈكگە يوشۇرايلى ئۆزىمىزنى،
تاپالمىسۇن،
ئاخشام جىق ئىچىۋېلىپ كوچىدا تۈنىگەن ھاراقكەش.
مەن شەخسىيەتچى بىر ئادەم
يۈز ئۆرۈيمەن ھەممە نەرسىدىن
ھاۋادىن،



www.uyghurkitap.com

سۈدىن،
تۈزدىن، بەلكىم
ھەممە سىرلار ئاشكارا بولسا
پەسىللەر يەنە قايتىلانسا
غەلبە ئۈچۈن بۈيۈك سىمفونىيە ئورۇندالسا
يەنىلا ھېچ نەرسە ئېسىمدە قالماس.
ھەي! قالسۇن بۇ دۇنيا
كۆتۈر مېنى كۆزلىرىڭگە
شۇ يەردە سىزايلى بىز نامسىز پەسلىنى.

2018 - يىل 15 - ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تابلېت دورا

تەلىيىم كاج،
بەلكىم، ئۇزۇن يول
چۈشۈڭگە كىرىپ قالغان.
يەرلىك داۋالاش
غەربچە ئانالىز قىلىش
يۇقىرى تېخنىكا ھەممىسى كار قىلماس.

بىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمىز
ئاق رەڭلىك خالات كىيىۋالغان ئەرۋاھ
يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدىكى ئايلانمىدا
بىر- بىرىگە قارىمۇقارشى
بىرلا نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان.

2018 - يىل 17 - ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى پەسىل

باھار،
دېڭىز بويىدىكى بىر ئايال
قارماقنى ئېتىپ سۈزمەكتە قۇياش

قىش،
قىرغاقتىكى بىر ئەر
قارماق بىلەن سۈزدى تولۇن ئاي

ئايال ۋە ئەر،
بىر دەريانىڭ ئېقىنى شۇتاپ
يوللىرى بىر تارىختا ئۇچراشقان

ئايال ۋە ئەر
بىر كېمىدىن باشلانغان يول
بەشىنچى پەسىلدىكى رىۋايەت ئۇلار.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ۋاقىتنى سىزىش

1

ۋاقىتنى كېسىپ ئۆتىمەن
ئۆلۈم بىلەن ھايات ئارىسىدىن
ئالتۇن رەڭ ياپراقلار كەبى
دەسسىلىپ قالغان
ئۇنىڭغا يېزىلغان مەكتۇپ.

2

ۋاقىت مېنى كېسىپ ئۆتىدۇ
سۆيگۈ بىلەن ئازاپنىڭ چېگراسىدا.
رەڭگى نامەلۇم،
شىلدىرلاپ تۇرغان ياپراقلارنىڭ ھەسرىتى كەبى
ئۇ ماڭا يوللىغان مەكتۇپ.

3



www.uyghurkitap.com

ۋاقىتنى ئوقۇپ كەلدۇق
قانىتىدا سىپسىغان توزغاق.
رەڭگى تاتارغان
ئۆزۈلگەن ياپراق
بىز ئۇنىڭغا يوللىغان مەكتۇپ

4

سەن ۋە مەن
ۋاقىتنى سۆيۈۋاتىمىز
رەڭگى مەۋھۇم، ئۇقۇمسىز
قۇرىغان ياپراق كەبى
بىزمۇ ئۇنىڭدىن كۈتىمىز مەكتۇپ

5

مەن كەتتىم زاماندىن ئاستا
بىر مەكتۇپ ئوقۇلماقتا ئارقامدىن
ۋاقىتنىڭ كېمىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ
بىر ئوردا سىزدىمەن
هەي، بۇ هايات قىززىق



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۆزگە كىرىش

ئالدىمدا باھار
ئارقامدا قىش
كۆيدۈرۈپ كېلىمەن ھاياتنى ھەركۈن
بەزى كېيىپ قېلىن تون،
بەزىدە قالىمەن يالىڭاچ.

غېرىچلانغان دەقىقىلەردە
سوزۇلۇپ ياتىدۇ نازىنىن باھار،
زىرىكىشلىك، سارغايغان ئورمان
ئەركە - نايناق، كۆلگەنچە غازاڭ.
يېزىلىپ تۈگىسە بۇ رىۋايەتمۇ
ئۆمۈرنىڭ كۆزىگە كىرىمەن ھامان.
بىرلا سوئالنى سورايمەن دائىم،
ئەي ئالتۇن ياپراق
سەن زادى سۆيمەكچى كىمنى؟



www.uyghurkitap.com

# نۆلگە قارشى

سېنى تېرىپ ئۆستۈردۈم
ئۆلۈمگە ئېسىلىپ يىغلىماقتا كۈچلەر.
مەن ئېرىپ تۈگىسەم
ۋىلىقلاپ كۆلۈپ چىقتى خىياللار
مەن ئۆزۈمگە قارشى
جېپسىلىشىۋاتقان كۈچىنىڭ نومۇسىدا تۇرۇپ
يۈز يىل بۇرۇن ياشىغان بىرسىنى سېغىنىمەن
چوقۇم مەندە مەسىلە بار دەپ تەخمىن قىلىمەن
شەھۋەتخور كۈچىدەك شۈمشىيىپ تۇرغان دەرەخلەرگە ھومىيىپ.
قارشى تەرەپتە ئۇيقۇسىزلىق ئىسيانىدىكى كونا بىنالار
جىنسىيەت كىيىملىرىنى كىيىۋالغان تاملار
نۆلدىن باشلىنىدىغان تېلفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇشقان.
نۆل تېپىلغۇسىز گۈزەل سان،
بىرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خېلى بىر زامان بار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياكى،
بىرنى كۆرمەسكە سېلىشمىغا تېخى پۇرسەت بار
ھەمىشە ئۇزۇن سەپ تارتىپ ماڭغان كارۋانلار ئېسىمگە كەلسە
ئۇلارنىڭ سەپىرىنىڭ بىر ياكى نۆلدىن باشلانغانلىقى ھەققىدە
ئويلىنىمەن،
ھەم مۇشۇ دەقىقىدە سان ـ سېفىرلار ھەققىدە گۇمان قىلىمەن
ھەتتا كوچىدا تەنھا يۈرۈپمۇ ئۆزۈمنى ساناپ باقىمەن.
مەن ئۆزۈمدىن يانسام چوقۇم نۆلگە ھۇجۇم قىلىمەن،
بەلكىم،
نۆلنىڭ قارشىسىدا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەسمەن.
ھېچ بولمىغاندا، دادام ئامراق ناخشىنى تېپىۋالىمەن.

2018 ـ يىل 6 ـ ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# سەھەرنىڭ ئاخىرى

يوللار،
كېسىپ ئۆتمەكتە مېنى
خۇددى سېنىڭ كۆزلىرىڭدەك.
ئۆسمەكتە،
قۇدۇق ئىچىدە بىر تال ئەترگۈل
ئىككىگە بۆلۈندى تولۇنئاي شۇندا.
ئۇ بىر ناخشا
ئوخشار ئىدى پەقەت ساڭىلا.

ھەر سەھەرنىڭ ئاخىرى
ئايلىنىدۇ گۈزەل ناخشىغا.
يەكشەنبە كۈنى، ئۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى
ئەمما،
ھاياتنىڭ يېڭى قەدىمى



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشلىنىدۇ سەن بار قۇدۇقتا.
يۇلتۇز تۇغقان گۈزەل باھاردەك
پىچىرلايدۇ ئۇنىڭ بالىسى
ئاھ، بۇ دېڭىز ئوخشايدۇ ساڭا.

2018 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

# پاتقاق

دېڭىز،
چىلاشقان لىققىدە ياشقا.
تاشلار،
شامالغا تەڭكەش ئۇسسۇلدا.
ئاياقلىرىم پېتىپ پاتقاققا
ئۆزمەكتىمەن قارشى قىرغاققا.
شۇنداق بىر تۇيغۇ،
«يۈگۈرمەكتە قاراپ قىپيالىڭاچ هاياتقا»

2018 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئايال

غۇۋا بىر شاۋقۇن قانات ئاچاتتى
گۇڭگا بىر ئايال سۆيگەندەك لەۋنى
نەي ئاۋازىدەك
توي ئاۋازىدەك
كۈي ئاۋازىدەك
نۇر ئاۋازىدەك.

بىر ئايال قۇچاقلىدى كېچىنى
خوشلىشىۋاتقاندەك
رىۋايەتلەردە سۆزلىنىۋاتقاندەك
ۋەدە قىلىۋاتقاندەك
ئىنتىقام ئېلىۋاتقاندەك.

بىر ئايال سالدۇردى كېچىنىڭ كىيىمىنى



www.uyghurkitap.com

يىغلاۋاتقاندەك
ئۇرۇشىۋاتقاندەك
پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك
يالۋۇرۇۋاتقاندەك.

بىر ئازاپ كېسىپ ئۆتتى كېچىنى
ئۆلۈپ قالىدىغاندەك
تىنىق توختايدىغاندەك
ھايات ئاخىرلىشىدىغاندەك
ھېچنېمە قالمىغاندەك
جىمجىتلىق قاپلىدى دۇنيانى
ۋەدىلەر قۇرۇپ كەتكەندەك.

2018 ـ يىل 19 ـ سېنتەبىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# پىچاق

ياسىلىشتىن ئاۋال
ئېغىر تىنىق ئىچىدىكى تاشقۇراللار دەۋرى.
ياسالغاندىن كېيىن
بولدى ئەركەكلىكنىڭ سىمۋولى.
ئۇ
بەزىدە يالتىيىپ قالىمەن،
بولغىيىتتى بۇ قايسى دەۋرنىڭ تەپەككۇرى.

2018 - يىل 19 - سېنتەبىر



www.uyghurkitap.com

# نىگارغا

ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا
مۇھەببەتتە يۇغۇرۇلۇپ بىر ـ بىرىگە ئايلانغان.
ئايرىماق تەس، نە سۇ، نە ئوتنى
زېمىنغا يالقۇن بولۇپ تارالغان.
بىلىمەن،
ۋىسالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرى
سېنىڭ مەڭزىڭدىكى ئىككى تامچە كۆز يېشىغا ئايلانغان
بىرى سېنىڭ، بىرى مېنىڭ.
بۇ سۆيگۈنىڭ پەللىسىدۇر بەلكىم،
ئىككىلىمىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# سەھرا

بىز خوشنىلار ئىدۇق،
ئەمما تونۇشمايتتۇق.
ئۇلار بىغىمىزنىڭ كەينىدە ئۆتۈپ چىقاتتى،
ھەممىمىز سېرىق توپا بىلەن يۈزىمىزگە ئۆزىمىزنى سىزاتتۇق.
ئۇ كېچە،
ئېغىلىمىز تىنجىمىدى،
مەن ھارغان ئىدىم.

جاپاكەش ئانام سۈيۈقئاش بىلەن بىزنى كەچلەتتى
بىز چۈشلەردە يۈيۈنۈشقا ئالدىرايتتۇق.
ئۇف
دادام كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ باغقا سۇ تۇتقىلى ماڭدى
بەلكىم دادام،
كېچىدە بىلىقلار ئۇخلاپ قالىدۇ دەپ ئويلايدىغاندۇ.



www.uyghurkitap.com

باغلىرىمىز سۇغا لىققىدە تولدىيۇ شۇ هامان سۇغا سىڭىپ كەتتى
بىرمۇ بىلىق سۇ بىلەن ئېقىپ كەلمىدى.
باللار هېچنىمىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ،
ئۇلار تېخى كىچىك دەپ ئويلايتتى دادام.
توپىلاڭ يەرگە سۇ سېپىپ قاتۇرۇلدى،
ئانام ئىزلىرىنى سۆپۈرۈپ ئۆلگۈرەتتى
قاق سەھەردە،
پالتا كۆتۈرىۋالغان ياغاچچى خوشنىمىز
كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دىدى:
يوللارنىڭ توپىغا كۆمۈلۈشى بەرهەق،
كام بېخىل دېمەك كام ئەقىل دېمەكتۇر.
سەهرا، ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان مەن سىزىدىغان گۈلگە ئايلاندى.
خاتالاشمىسام، بۇ يىگىرمە بەش يىل ئاۋۋالقى بولغان ئىدى
هەر كېچە بىر يېڭى كوچا تۇغۇلاتتى
ئانام ئۇ كوچىنى توختىماي سۆپۈرەتتى.

2018 ـ يىل 12 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىياس

بارلىق سۆزلەرنى بىرلەشتۈرسەم
بىرلا ھەرپ تۈزۈلسە،
ھەممە ئېرىقلارنى جۈپلەپ بىر ئېقىن قىلسام
بۈيۈك چوققىلارنى ئۇلاپ بىر مۇنار سالسام،
بارلىق مەۋجۇداتلار ئوخشاش تىننىقتا يېقىنلاشسا.
سۆز، جۈملە، شېئىر ۋە باشقىلار
ھەممىسى سېنىڭ رەڭگىڭدە.
ئاقىۋەت بارلىق قىياسلارنىڭ سەن بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرىمەن.
ئېيتقىنىم قايسى ناخشا پەقەت ۋە پەقەت
ئۆزۈم بىلىمەن.

2018 ـ يىل 10 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

# جاۋاب

روبىرودۇرمىز،
ھېچ كۆرۈنمەيمىز
بۇ شۇنداق كەچمىش.
قارشىمىزدا، ھەممىمىز ئېنىق
بۇ بەلكىم ۋىسال
قىيپاش كېسىشكەن.
كايىيمىز تازا
بۇ بىر سەممىيەت.
ئۇچراشسا كۆزلەر كۆيۈپ كېتەرمىز
بەلكىم مۇشۇدۇر جاۋاب
ھەم بىز كۈتكەن ھەقىقەت.

2018 ـ يىل 13 ـ سېنتەبىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئورۇندۇق

پىكىرلىرىم چېچىلغان بىر سەھەردەك
ئۇنىڭ قولۇمدا خەت يازدىم
سول قولۇمنى سېنى سىلاشقا ئېلىپ قويۇپ.
تۆرۈكرەك بىرىنىڭ كۆزى بولسىچۇ
خەتنى كۆرسە ياش تۆكىدىغان بۇ كۆزلەر
بەلكىم
پەقەتلا سېنى كۆرۈش ئۈچۈن يارالغان.
يول ماڭسام چاققان مېڭىشنى تاللاپ سالىمەن
پۇتلىرىم،
سېنى كېلەمدىكىن دەپ ئالدىرىغان.
ھەي شۇنداق بىتەلەي بۇ كەچ،
ئورۇندۇق بوش
بۇ يەر، كىملەرنىڭ سۆيۈشى ئۈچۈن يارالغان؟
خۇش كەلدىڭ دېگۈم بار



www.uyghurkitap.com

قورقمەن،
پەقەت، پەقەت
ئۆزۈمنىڭ ئاۋازى ئۇ يىراققا تارالغان.

2018 ـ يىل 28 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## سول تەرىپىمدىكى سايە

بىر زامانلاردا
رەھمەتلىك مومامنىڭ ھېكايىسىدە
ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ چۆچەك ئاڭلايتتىم.
ياخشى ۋە يامان ئادەمنى
ئاق ۋە قارا رەڭدىن پەرق ئېتەتتىم.
ھەر بىر ئىنساننىڭ كۆتىدىغىنىنىڭ ئۆلۈم بىلەن
باشلىنىدىغانلىقىنى،
ئوڭ ۋە سول پەرىشتىنىڭ بارلىقىنى
ئوڭ تەرەپتىكىسى ساۋابىنى
سول تەرەپتىكىسى گۇناھنى خاتىرىلەيدىغانلىقىنى،
بىر كۈنى يۇقىرىدىكى كۆزدىن يوشۇرغان گۇناھلىرىمىز يەرگە
چۈشۈرۈلۈپ ھېساب بوغۇلىدىغانلىقىنى
ھېچكىمنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى ئاڭلايتتىم.
ئىككى پەرىشتىنىڭ، ئىككى سايىدەك دولامغا مىنىپ



www.uyghurkitap.com

يۈرگەنلىكىدىن ھېچ شۈبھە قىلمايتتىم،
يوشۇرىدىغان ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم
يوشۇرۇن خىياللاردىن ھەزەر ئەيلەيتتىم.

ئەمدى،
بىر ئېپتىدائى زامانىنىڭ چۈشى كەبى
بىر قۇرىغان سازلىقنىڭ ھېدى كەبى
مەستخۇش پاتقاقلارنى كېزىمەن،
ھەمدە مېنىڭ دولامدىكى پەرىشتىنىڭ ئۈچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن،
شۇنچىلىك ئۇزاقتىن سۈكۈتكە قاراپ ئىنتىلىمەنكى
ـ ھەي مېنىڭ سول يېنىمغا يانداشقان پەرىشتەم
سېنىڭ قايسى گۇناھىمنى خاتىرىلىگىلى چۈشكەنلىكىڭنى مەن
كىمدىن قانداق سوراپ بىلىمەن؟

2018 ـ يىل 4 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۈتۈش

1

بىر سەھەر
كۆزنى ئاران ئېچىپ، ياتار كارىۋاتتا
دېرىزىلىرى تاقالغان ۋاقىت
كۈتمەكتە ئاستا
پىچىرلارمۇ دەپ بىر تۈپ دەرەخنى.

2

ئۇلار رىۋايەتتەك ياشىغان ئۇزۇن
بەكمۇ يىراق كۈز ئايلىرىدا.
زامانىنى كۆيدۈرۈپ، گۈلخانلار يېقىپ
ئۈنۈپ چىققاندا ئالقاندا بەخت
تېخى ياش ئىدى ۋاقىتنىڭ پەسلى.



www.uyghurkitap.com

3

بىز ھەممىمىز
يالىڭاچ قۇللار
ئىسپاتلىماقچى ئەركەكلىكىمىزنى،
قىستاقىستاڭ يوللار ئارا
ئەر، ئاياللار تۇرۇپ بىر سەپتە

4

قېلىن يېپىلىدىغان ئۆتمۈش شەجەرىسى
سۆيۈشنى ئۇقمايدىغان قىزدەك سۇرلۇكمۇ؟
ياكى،
بىرى ئۈچۈن سىر ساقلىغان
گىرىمسىز ياشىغان تەنھا قىزمىدۇ؟

5

ئۇدۇلۇمدا
قېرىۋاتقان ۋاقتىنىڭ قاداق قوللىرى
مېنى باشلاپ بارىدۇ نەگە؟
كىم ئېيتىپ بېرىدۇ؟



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياكى ئۇ،
ئېلىپ قاچامدۇ توي كېچەمنى؟

6

بىز كۆتۈشنى ھېچ بىلمىگەن بولساق
مەن بەلكىم ئۇ كېچە بۇغۇزلانماستىم
بەلكىم،
قالاتتىم

2018 ـ يىل 1 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

# سوۋغا

سەنسىزلىك
ھەممە يەردە كۆكلىدى
سۆكۈتتە ساقلىدىم،
ئۇزاقتا.
ئىچىمدىن ئۆرلىدى بىر دۇنيا تۇتۇن
باقتىم تەلمۈرۈپ
تۇتۇن ئىچىدە ياتار سوزۇلۇپ سىنىڭ سىھىرلىك كۆيۈك.

2018 ـ يىل 28 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

## رىۋايەت

بىر مىسكىنلىك گۈگۈمدەك سوزۇلغاندا
ئۆزۈم خالىمىغان بىر يولدا
ئۇلار بىلەن ئۇچىنچى بىر تىلدا مۇڭدىشىمەن.

سۆزلىرىنىڭ قاپىيەسىدىن
مۇزدەك سۇنى گويا ئىچىشلىرىدىن
يولدا كېتىۋېتىپ سىنى چوشەپ چىقىمەن.

ئۇلار بىلەن بىر يەردە تۇرۇپ
ئەينى هاۋادا نەپەس ئېلىپمۇ
سۆزلەرنىڭ ئۆڭكۈردىن كېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىمەن.

كىچىككىنە، بۇ قىسقا سەپەردە
بىر كېچىدە قېرىيدىكەن ئادەملەر.



www.uyghurkitap.com

بەلكىم مەن
ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوقتۇرمەن.

بەزىدە قەلبىمدە ئەڭ بولمىغۇر خىياللار،
بەزىدە ۋەتەن ھەققىدە ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلار.
ھەر زامان دادامنىڭ ئاۋازى بار قۇلاق تۈۋىمدە
ـ بۇ دۇنياغا نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن.

2018 ـ يىل 1 ـ ئىيون



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خەت ساندۇقى

خەت كېلىدۇ چوقۇم بىر يەردىن
ھېچ ئېسىڭدە يوق خەت يازغىنىڭ.

ئىشقىلىپ، بىرسى تىقىپ قويىدۇ ساندۇققا ئۇنى
ئۇ بىر سۆيگۈ خېتىدۇر،
ياكى بىر ئەجەل دەۋىتى.

ئەگەر شۇنداق تىلىگەن بولساڭ
قىينىلىدۇ ئۇقالماي ئۇنى
خەت ساندۇقى
چۈشەنمەيدۇ خەتنىڭ تىلىنى.

بۇ ھايات شۇنداق ھايات،
ئاشكارىدۇر ھەممە ئېھتىمال.



www.uyghurkitap.com

مەن خەت ساندۇقى سەن ئوقۇغۇچى
ئۆزۈڭ خەت بوپ كەلسەڭچۇ قېنى؟
كۆيۈپ تۈگەيتتىم ئەنە شۇ كۈنى.
كېچە بولۇپ تۇغۇلاتتى ئۇشبۇ خەت ساندۇقى.

2018 ـ يىل 16 ـ ماي.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالما سېزىمى

1

ئالما باغدا ياكى تاغدا ئۆسىدۇ
ھەرخىل شەكىلدە پىشىپ سېسىيدۇ
رەسساملار ئۇنى ھەرخىل رەڭدە سىزىپ باقىدۇ.
مەن بالىلىقىمدا ئالمىنى چىشلەپ يېگەننى كۆرگەن
ھەمدە،
بەزىلەرنىڭ
پۇزۇر كىيىنىپ،
تەكەللۇپ بىلەن،
يۇيۇپ، تازىلاپ سويۇپ يەيدىغانلىقىنى بىلگەن.

2

ئەگەر، ئالما ئۇستىدە سۆز بولۇنسا
بارلىق ئالملار سەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە،



www.uyghurkitap.com

3

ئالما تەسەۋۋۇرنى قوزغىتىدۇ
ئاندىن تەسەۋۋۇرنى ئۆلتۈرىدۇ.
بەزىدە سېنى ئالما دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن
ئارقىدىنلا ۋەھىمىگە چۈشىمەن.

4

ئەگەر سەن ئالما بولساڭ،
پىشىپ يەرگە چۈشمەيدىغان
ھېچكىم سېنى سېۋەتكە سالمايدىغان
ياكى چىشلەپ بۇزمايدىغان ئالما بولغىن.
ئېگىزدە تۇر
مەڭگۈ مېنىڭ قولۇم يەتمەيدىغان،
مەڭگۈ ئۈمىد ئۈزمەيدىغان.

5

ئالما بەلكىم مېنى تەسەۋۋۇرىدا سېزىدۇ،
مەن چۈشۈمدە كۆرگەن.
چۈشلىرىمدىن ئويغانغاندا
ئۇنى ھېچكىم ئېلىپ قاچمىسۇن.



www.uyghurkitap.com

## 6

سەن ئالما بولۇپ ئۇخلاپ قالغىن
چوقۇمكى ئۇ ئاخىر زامان پەيتى
سەن تەسەۋۋۇرۇمدىن غايىپ بولغان كۈنى.

2018 ـ يىل 7 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# تىلغا يوشۇرۇنۇش

بارلىق تۈيغۇلار يوقالغان جىمجىت
تىلنىڭ ساماسىغا ئۇسسۇلدا ئاسمان
سۆكۈتلەر ئەينەك،
سۆيگۈ پىرىخون
سەدەپ ئوقلىرىنى ئاتماقتا كۈندۈز.
ئاسمانلاردا بىز،
دېڭىزدا ھەم بىز.
ئوتتۇز ئىككى ھەرپ ئەمەسكەن تىلسىز.
يارىلىش ۋە يارىتىلىش
قاش ۋە كىرپىك
بىز -
ھەممىمىز ئاقار يۇلتۇز.
مەن ھەر كېچە
تىل كېمىسىدە يوشۇرۇنغان غېرىپ يالپۇز.



www.uyghurkitap.com

ئانا تىلىم،
يارىلىشىمدا
بۇ دۇنيالىق سوۋغىدۇر سۆزىسىز.

2018 ـ يىل 31 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# بىرنىڭ مۇقەددىمىسى

سەھەرنىڭ مەگزى قىزارغاندا
سۆزلىنىدىغان، ئاڭلانمايدىغان رىۋايەتنى پاتۇرىدۇ باغرىغا
ئۇنى بىلىدىغان كىشى پەقەت بىرلا
بىرلا

سەھەرنىڭ كۆزىگە چۈش بولغاندا
«بىر»نىڭ يېشىمىنى ئىزدەيدۇ ئىنسانلار
بىلىدىغانلار كۆپتۇر دەيدۇ شامالىلار.

سەھەرنىڭ سۆزىگە كەچ بولغاندا
مۇنازىرىلەر قايناپ يېتىپ بارىدۇ ئاسمانغا
ھەممە تەسەۋۋۇرسىز قالىدۇ بۇ جايدا.

سەھەر يەنە كېچىگە قايتقاندا



www.uyghurkitap.com

ئازاپلار تولگەيدۇ،
سوكۇتلەر ئاياغلىشىدۇ دۇنيادا.
سەندىن باشقا ھېچكىم تاپالمايدۇ مېنى ئۇ چاغدا.

2018 - يىل 30 - ئىيۇن



www.uyghurkitap.com

# ئەتىگەنلىك گېزىت

تونۇش يوللار كىرمەكتە ئاستا.
دوقۇرۇشۇپ،
بوغۇلماقتا مەن بىلگەن تىللار.
كۆز ئەينىكىم
تولغۇنۇپ زارلانماقتا ئانا تىلىمدا.
چاي ئورنىغا ئالماشقان قەھۋە
لاي ئورنىدا قوپۇرۇلغان ياغاچ تاختىلار
قىممەت باھالىق ئېلانلار
ئېسىل ماشىنا ھەم ۋاكازالار
ئوڭ ياكى دۈمدە ئايلىنىۋاتقان دۇنيا
ھېچ تەسەللى سوۋغا قىلالماس ماڭا.
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم
ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭ
ئوتتۇز سەككىز بەتلىك بۇ گېزىتتە



www.uyghurkitap.com

مەن ئوقۇيدىغان بىرمۇ ھەرپ يوق.
بۇ غېرىپ كۆڭۈل نەلەرگىدۇ ئاقىدۇ
ماڭا يېقىن سۆزلەر كىملەرگىدۇ ھازا تۇتىدۇ
ئەتىگەنلىك گېزىت
ئەتىگەندە مەن يەيدىغان بولكا كەبى
يېزىلىدۇ ھەركۈنى
سېتىلىدۇ ھەركۈنى
مېنى ئوقۇشقا تىرىشىدۇ ھەرپلىرى.
نېمە بولسا بولسۇن
نېمىلەر يۈز بەرسۇن
ئامان بولسۇن دەيمەن ئۇلارنى
ئامان بولسىكەن دەيمەن ھەم سېنى.
ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايمەن گېزىتنى ئاخىر
«ئالمايمەن ئەمدى» دېگەن سۆزنى يادلاپ ھەر كۈنى
ھەر سەھەر سېتىۋالىمەن يېڭى بىرىنى.
بىلەمدىغانسەن؟
شۇ خەۋەرلەردىن تاپىمەن سېنى ھامان بىر كۈنى.

2018 ـ يىل 25 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# شەھەردىن چىقىش

بىز ھەممىمىز بىر ئىپلاستىك روھنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان.
ئۇ زاماندا،
بۇ يەردىكى ۋاقىتنى يۇدۇپ چارچىغان تاملار
قەدىمىي سامان قەغەزگە يېزىلغان تىننىقسىز رومانلار
ئادەملەرنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۆزى شەھەر ئايلىنىدىغان كوچىلار
شەھۋەتنى كۆزىتىشكە كۆنۈپ كەتكەن تولۇن ئاي
ھەممىنى بىلىدىغان ھېلىقى بىلەرمەن خوشنام
سەن بۇلارنى ئەسلا خاتىرەڭگە تىزىمىغان.

ھازىرقى زاماندا
كوچىدا يىغلاپ تۇرۇپ سېتىلىۋاتقان گۈل
مەستخۇشلۇقتا سۆيۈلۈۋاتقان سەن
مېنىڭ كۆزلىرىمدە ئېزىپ قېلىۋاتقان بىرسى
سەن ئۇنى ئەپسانە كەبى خاتىرەڭگە ئويغان.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلەركى زاماندا
ئەينەك قۇتىغا سېلىنىۋالىدىغان يۈرەك
ئىشكىللىرىنى ھەم تاقىماقچى بولغان پايانسىز گۈللۈك
دۇنيانى كۆزىتىپ تۇرىدىغان تاش ئەينەك
سېنىڭ تويلۇقۇڭ بولىدۇ
ئالماش بىر زاماندا
سەن بۈيۈك قاناتلىرىڭنى دۇنياغا يايسەن
مەن،
سېنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەردىن چىقىمەن.

2018 ـ يىل 12 ـ ئاپرېل



www.uyghurkitap.com

# قاردا قەھۋە ئىچىش

قاردا قەھۋە ئىچتى بىر ئادەم
قار شىۋىرلىدى قۇلاقلارغا باھاردەك ناخشا.
يېنىك بىر مۇزىكا
سىزىلمىغان مەشھۇر بىر رەسىم
بىر تۇرمۇش كارتىنىسىدەك ئۆرلىمەكتە ئاسمانغا.
تۇرمۇش قەھۋە بولسا ھە، ـ
سەن ئۇنىڭغا قوشۇلغان شېكەر
ئىش پۈتمەسىمىدى
مەن يېپىلسام ئەديالدەك
سەن تىترىگەندە.
سۆيگۈ ھەققىدە سۆزلىسە بۇلۇت
ئەينەك بولماسمىدى ئاسمانغا
قاتقان مۇزلار.
ئادەملەر ئاپپاق،



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

زېمىننىمۇ شۇنداق
تاقىۋالاتتىم قارا كۆزئەينەك
چاڭغا قىلىپ تېپىلىپ ماڭاتتىم تۇرمۇشنى
چارچىماس ئىدىم ھازىرقىدەك.
يېنىك بىر مۇزىكا،
بىر پەرىشتە كەبى
تۇتاتتىم قوللىرىڭنى سىقىمداپ.
قار لەپىلدەپ ياغاتتى شۇ تاپ
بىر ئادەم قەھۋە ئىچتى قاردا يالقۇنجاپ
يۈزلىرىدە نۇر جىلۋىسى
يۇتۇۋەتتى دۇنيانى شۇنداق.

2018 ـ يىل 12 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# باھار

سۆزۈك سۇ سالدى كېيىمنى
دەريا بىخ تارتىپ چىقتى قىرغاققا
بۆيۈك بىر كېمىدە
بىرتال يوپۇرماق
سېغىنىش سۇ بولۇپ ئاستا ياغماقتا
دېڭىزلار پىچىرلىغاندا
بېلىقلار رەسىم سىزغاندا،
بىر كۆزدىن ئويغانغان قۇياش
چوقان سالىدۇ.
بۇ بىر كۈن ئاۋال ئۇنتۇلغان شەھەر
ئۇ بەلكى چۈشىدىن ئويغانغان بىر ئەر.
ئۇنىڭ ئىسمى باھار،
ئۇنىڭ كۆيلىرى لەرزان
ئازاپلىرى شېرىن.



www.uyghurkitap.com

ئۇ بىر تەزكىرە،
ئىشكىلىرى ھەم تاقالغان.

2018 ـ يىلى 21 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# بالىلىق

بالىلىقىمنى
تېرىپ ئېتىزغا،
يېيىپ كەڭرى ئورمانغا
قورۇتقانتىم مومام ئېيتقان چۆچەكتە.

ياشلىقىمنى
بۆلەپ بۆشۈككە،
سۇلغۇن مەدەنىيەتنىڭ ھەرپلىرىدە
يازغان ئىدىم ئىسمىمنى ئەينەككە.

بۈگۈن ھەر ئىككىسى يوق
ئازدىم يوللاردا،
دۇدۇقلايمەن ھەر بىر سۆزۈمدە.
بەلكىم،



www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىمنىڭ نۇرلىرى قالدى
بىز يوقاتقان ئاشۇ بىكەتتە.

2018 ـ يىل 29 ـ مارت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com

# كىتاب ئوقۇش

مەندىن ئاۋال ماڭغان بىرسى بار
يالىڭاچ يوللاردىن كۆرىمەن ئۇنى
ئۆمچىيىپ تۇرغان ئىشىك
ئەگرى ـ بۈگرى سىزىلغان پارچە ـ پۇرات قەغەزلەر،
كۆزىنى چىلىڭ يۇمۇۋېلىپ ئەپسۇن ئوقۇۋاتقان بىرسى
ئەجەپلەندۈرەلمەيدۇ پەقەتلا مېنى
ھەممە كىتابلار مېنى ئوقۇيدۇ
ئارقىدىنلا
نوقۇپ قويىدۇ بۇرنۇمنى.
ھەرقانداق تىل، ھەر مەنىدىكى كۈي
ئاخىرلىشىدۇ ھامىنى.
بەلكىم مەن بىر چاتاق تاپقۇچى
ياكى سەن بىر ئازدۇرغۇچى
ئاقىۋەت ئىككىلىمىز خاتىرىلەنگۈچى.



www.uyghurkitap.com

بىلىمەن،
بارلىق كىتابلار ئاخىرلىشىدۇ.
بىلىسەن،
ئۇلار بىزنى ئاخىرى يوق رومان دېيىشىدۇ،
تاماملىنىش ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلىشىدۇ،
ئېرىشمەلمەسلىكنى پېشانىمىزگە چاپلاپ قويىدۇ،
ھېچكىم قېچىپ كېتىش تەسەۋۋۇرىغا يانداشمايدۇ.
ياق، مەن قېچىپ كېتىمەن.
سەن ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنىڭ قۇرلىرىغا قەيت بولىمەن،
سەن دەل شۇ رومانىنى يېزىپ تاماملايسەن.
مەن ئوقۇلىمەن
ئۇلار ئوقۇيدۇ
بىز ئوقۇلىمىز
كىتاب يېپىلىدۇ.
بەلكىم،
كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ تەكرارلانمايدۇ.

2018 ـ يىل 2 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# سۆز قالدۇرۇش سۇپىسى

كۆز كەلسە،
چېقىلىدۇ شاراقلاپ بالىلىقنىڭ ئەينەكلىرى
باھاردا،
تۇتىشىدۇ يوللار قايتىپ ئەسلىگە.
يازدا،
ئېرىپ كېتەرمۇ يارنىڭ يۈرىكى؟
قىشتا،
توڭلاپ قالارمۇ سۆيۈشىسىمۇ كۆڭۈل تىلىكى
بەرىبىر،
بەرىبىر ئىككىمىز ئۈچۈن
ئايرىلىش ۋە ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكى.

2018 ـ يىل 7 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# كۆلدىن گۈلگە

قىشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاپئاق بەدىنىدە
باھارنىڭ قىزىل، زىلۋا بويلىرى ئۆي تۇتار.
مۇز ئۈستىدە نۇر ئۈنىنغان ئاشۇ باللار
مۇھەببەتنىڭ پەرۋازىغا قامچا ئۇرار.
بۈگۈن بۇ يەردە ئاپئاق قار
بۈگۈن بۇ يەردە ئۈششىگەن باھار،
گۈلنىڭ مەستخۇش لېۋىگە سۆيدۈم ئاۋايلاپ
دۇنيا توختىدى،
ئۆزۈم ۋەيرانە، دىلىمدا ئازار.
يىل بىلەن يىل ئارىسىدىكى مۇساپە
سۆيۈشمىگەن ئىستىرىلكىلار
سائەتتىن تارقىلىدىغان يولدەك
پەرىشان ھالەتتە ئالدىمدىن قاچار
بۈيۈك شەھەردىكى بۇ تەنھالىق،



www.uyghurkitap.com

تىل دېڭىزىدا سۇنايلىنىپ ياتقان سۆزسىزلىك
ھەممىدىن ئېمتىھان ئالار
جاۋابلار كۆل
سۇلاردا پىراق
بۇ ئىشلار يەنە ئۇزۇن داۋاملىشارمىكىنە
سۆكۈتتىن يىراق



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۇ؟

ئۇ ئەزەلدىن بار بولغان
ھېچكىمدىن تۇغۇلمىغان
ئەمما،
سەن ۋە مەن ئۇنىڭدا تۇغۇلغان.
مەن يىغلىسام ئۇ تولغانغان
مۇساپىلەر يىراق، كۆڭۈللەر يېقىن
غۇۋا سىزىق ئۇ، مەڭگۈگە تۇتاشمايدىغان
شۇنداق بىر ھەسرەت ئۇ، مەنلا ھېس قىلغان
تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۇنتۇلمايدىغان
ئۇنىڭدا سەن بار
ئۇنىڭدا مەن بار
مەن ئۆلسەم بەلكىم سەن يوق
سەن ئۆلسەڭ مەنمۇ ھەم،
ئۇ ئۆلسە ئەبەدىيلىككە بىز يوق



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەنە ئاۋۇ يەردە
ئۇ ئەنە يىراق يەردە، مەڭگۈلۈككە بىرگە قاراپ تۇرغان.

2018 - يىل 22 - فېۋرال



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاشىق ۋە ئەينەك

كوچىلار گۈلنىڭ دولقۇنىدا كۆۋەجىگەندە
بىر پۇلسىز ئەر يۈرىكىنى گۈلگە تېگىشتى
گۈللەر قاناتلىرىدىن بوغۇچلىنىپ لەۋلەر سەيناسىدا پۇچۇلاندى
گۈل بىر شەھەر ئىدى
بۇ شەھەر گۈلسىز ئىدى.
مەن ئىشىكلىرى ھىم ئېتىلگەن بۇ شەھەرنىڭ لەۋلىرىدە تەنھا
ئىدىم.
يېنىمدا غېرىپلىقنىڭ چاپىنىغا ئورۇنىۋالغان بىر پارچە ئەينەك
ئەينەك ماڭا نۇر تۇتتى
ئەينەكنىڭ كۆزلىرىدە مەن
مېنىڭ كۆزلىرىمدە سەن
دەل شۇ زاماندا، بىر ئۈزۈك ئاۋازدا:
ـ ئاھ خۇدا، مېنىمۇ ئاشىق قىلىپ ياراتساڭچۇ؟،ـ دەپ ۋارقىرىدى
ئەينەك.



www.uyghurkitap.com

ئارقىدىنلا چۆل ـ چۆل بولۇپ قۇمدەك چېچىلىپ كەتتى
شۇنىڭ بىلەن ئاشىق ۋە ئەينەكنىڭ ۋەدىلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى
ئاشىق قۇمغا، قۇم ئاشىققا ئۆزگىرىپ كەتتى.

2018 ـ يىل 15 ـ فېۋرال



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# جۈملە

دۇنيانى ئوراپ تۇرغان جۈملىلەر
بەزىلىرى سىنتېتىك
بەزىلىرى گىراماتىك.
ئۇلار دائىم بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ
بەزىلىرى كۆيۈشۈپ قېلىپ توي قىلىدۇ،
بەزىلىرى بەختلىك بولىدۇ
بەزىلىرى بەختسىز.
بەختسىزلەر قايتىشىدۇ دېڭىز بويىغا
ئەينى رەڭدە قول تۇتۇشۇپ
ھەتتا
بەزىلىرى كەلگۈسىگە پال ئاچىدۇ.
بۈيۈك پەيلاسوپلار
توم - توم كىتابلارنى يېزىشىدۇ
كۆز ئەينىكىنىڭ ئاستىدا.



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى بولۇپ قالىدۇ بىر تارىخ.
ئەمما، بىر جۈملە بار قەلبىمدە
ئۇنى ھېچكىم بىلەلمەس
يا سەن ئالىسەن ئۇنى مەندىن
ياكى ئۇ نەپەسلىرىڭدە يۇيۇنۇپ ئاخىرقى نىشانىنى
تاپىدۇ سەندىن.

2018 - يىل 22 - يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

# سېنىڭ ئۆيۈڭ

ئۆسمەيدىغان ئورمان
كۆكلەيدىغان قار
ئېرىمەيدىغان باھار
ئوراپ تۇرار سېنىڭ ئۆيۈڭنى

يىرتىلمايدىغان كالېندار
ئاياغلاشمايدىغان جۈملىلەر
نوتا بولۇپ تىزىلىپ
تەڭكەش قىلار چېلىنىۋاتقان ئۇدارنى

سېنىڭ ئۆيۈڭ قارشى قىرغاقتا
ئەمما سەن سۇدىن قورققۇچى
نېمىشقا
لىققىدە گۈلگە توشقۇزدۇڭ كېمەڭنى؟



www.uyghurkitap.com

سوزۇلغان ئۇزۇن بىر قول
تىكىلمەكتە ساناقسىز كۆز
ئۇنىڭ ئۆيى
ھېلىھەم ئۇخلار قارشى قىرغاقتا.

2018 ـ يىل 17 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# گۈل

ئاسمان سۆكۈلمىگەن يولدا
سۈكۈت سۇنايلىنىپ ئوڭدا ياتار
ھېچكىمنىڭ گۈل ھەققىدە تەسەۋۋۇرى چەك تۇتماس
گۈلنى قىزلارغا ئوخشىتىپ شېئىر يازغاچ
گۈل چۈشەنچەمدىن ئاۋال مەۋجۇد بولار سىرتىمدا
تۇيۇقسىزلا
قۇچىقىڭغا كېلىپ ئولتۇرىدىغان شېرىن تۇيغۇدىكى خىياللار بىلەن
ھېچكىم ماڭمايدىغان كوچىدا تۇرۇپ
كىشىلەر ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان خىياللارنى چايغا مىلاپ تۇرۇپ
ئىچمەكتىمەن
گۈلنى، سۆيگۈنى، بەختىسىز ئەرلەر خىيال قىلسا يامان بولىدۇ
دېگەن سۆزنى قايتىلاپ
بارغانسېرى قەھۋەگە ئوخشاپ قالماقتا ھايات.
ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئەركەكلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقان
كوچىدىكى بىر ئايال



www.uyghurkitap.com

خوتۇننى سۆيۈپ تۇرۇپ خىيالىنى گۈزەل بىر قىزنىڭ يېنىغا يولغا سېلىۋەتكەن ئەركەك
ئۇلار ھەممىسى
باھاردىن مۇستەسنا ھالدا گۈلنى خىيال قىلماقتا.
باھار گۈلدىن ئاۋال
گۈل باھاردىن ئىپتىدائى
يوللاردا ئۇلار
گۈل ۋە باھارنى ئايرىپ، تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ گەپدانلىقىدا
سەن ۋە مەندىن باشقا ھېچنېمە مەۋجۇد بولمىغان جايدا
ھېچكىم گۈلنىڭ ئاياللارغا باغلانغانلىقىنى سۆزلىمەيدۇ
ئەمما،
مەن گۈلنىڭ يىلتىزىنىڭ كىملەرگە تۇتاش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىمەن
تەسەۋۋۇرۇمدا رەسىمگە بوياق ئۇرىمەن.
شۇنداق بىر زامانلار بولسا
ئادەملەرنى تېرىپ ئۆستۈرىدىغان بىر بىنەم يەردە
بارلىق ئازاپلارنى ئۇرۇق قىلىپ تېرىۋەتسەم
سېغىنىشلار گۈل بولۇپ ئۈنۈپ چىقسا
ھەسرەتلەر كۆپەيگەنسېرى قىزىل رەڭدە ئېچىلىپ
دۇنيا لىققىدە گۈلگە تولسا
سەن شۇ گۈلنى بىردىنبىر سۇغارغۇچى بولساڭ
بۇگۈن بۇيەردە بارلىق ھالەتلەر سېنى بايقاشتىن يۈز بەرگەن



www.uyghurkitap.com

سەن ۋە مەن شۇ ئۆستۈرۈلگەن ئادەملەر ئىچىدە چوقۇم بار بولىمىز،
ئاندىن سەن يالماۋۇز خىياللار بىسىدا مېنى توغرايسەن
ئارقىدىن ھەسرىتىڭ بىلەن تازا يىغلايسەن
بەلكىم مەن شۇ ئازاپلار تۆپەيلىدىن تورنىغان گۈلگە ئايلانغاندىمەن
شۇ ۋاقىتتا چوقۇم سەن كۆز ياشلىرىڭ بىلەن مېنى سۇغىرىسەن.
بۇ يېشىمسىز بىر دەقىقە
بارلىق سۆيۈشلەر ئازاپنى يېپىنچا قىلىدۇ
بارلىق سۆيۈشلەر ئازاپسىز مەۋجۇد بولمايدۇ
بارلىق ئازاپلارنىڭ يىلتىزى سۆيۈشكە تۇتۇشۇپ كېتىدۇ
بارلىق گۈللەر ساڭا ھەم سېنىڭ ئىسمىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ
سەن گۈلسەن
سەن باھارسەن
سەن قىش سەن
سەن ئايازسەن
مېنىڭدە يارالغۇچى
كېتىشتىن ئاۋال
ھەر كېچىگە سانسىز شېئىرلارنى تۇغۇپ قويغۇچى
سەن گۈلسەن!
مېنى دەپلا باھارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇغۇچى.

2017 ـ يىل 3 ـ نويابىر



www.uyghurkitap.com

# دېرىزە

دېرىزىلەر ئېچىشتىن توختار
دەرىيالارمۇ چېقىلار ئاستا
كۆڭۈلدۇر ئۇ
ئېقىپ كەلگەن.
مېڭىپ كېلەر،
ئۇچۇپ كېلەر،
رەسسام سىزالماس
نە ئاقىل سۆزلەر
نە نادان كۆڭۈل
ئۇرۇقىنى ھېچكىم تاپالماس.
ئەمما سەن
ئۇنى تېرىپ قويدۇڭ قەلب يېشىڭغا.
ئۇخلىغان دەرەخ
ئاشىق كۆڭۈل كۈلۈپ كۆككە باققاندا



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ چىقتى ئۇچۇق دېرىزە

پىغانى يوق ئاسمان مەڭزىدە.

سەن خىيالىمدىن ياندىڭ ئۆتۈپ

دېرىزەمدە تۇن بولۇپ كۈلسەڭ

دېرىزە ئۇ قۇياشنى توسقۇچى دۈشمەن

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا.

2017 يىل 9 ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# تۇغۇلغان كۈنۈم

مەن تۇغۇلغان زاماندا
مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى ئىدىم،
قىرىق بەش كۈز ئاۋالقى شۇ چاغدا.
دەل مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ دەقىقىدە
سۆيۈملۈك ئانامغا ئېسىلىپ يىغلىغۇم كەلدى بىر ھازا.
بۇ مىننەتدارلىق، خۇشاللىق يېشىدۇر بەلكىم
ۋە بەلكىم بىر ئازاپ
ھېچ ھېسابلاشماس ئىدىم شۇ دەقىقە گەر نېسىپ بولسا.
تۇغۇلغان كۈن ئىككىمىزنىڭدۇر
ئۇ كېزىپ يۈرەر ئىككى ئۆلۈم ئارىسىدا.
شېئىرلىرىم ھېچ قاملاشماس،
جۈملىلەر يېتىمسىرار قۇرلار ئارا.
شۇنداق بولامدۇ ھېچ بىلمىدىم
غېرىپ كۆڭۈل كۈيگە ئايلانسا.



www.uyghurkitap.com

قۇشلار، بۇلۇتلار، ئاي ھەم يۇلتۇزلار
سەندىن ئاۋال كەلدى يېنىمغا.
ئانا
مەجبۇرى چېتىپ قويدۇم ئۆزۈمنى مۇزىكىلارغا
ئەرز ئېيتتىم ئۈنسىز ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا
ئېقىپ باقتىم سېغىنىشىنىڭ ئېقىنلىرىدا
تۇغۇلغان كۈنۈمدە غېرىپكەن دەريا، ئاسمان ھەمدە بۇ دۇنيا.
ھېچ زوقۇمنى تارتماس مەشھۇر مۇزىكا، سەنسىز خىياللار مۇبادا
شۇ دېڭىزنىڭ قارشىسىدىكى كېمىدىن سەن چىقىپ كەلسەڭ
دېمەسىمىدى دەريا زۇۋانغا كېلىپ:
ــ مۇبارەك بولسۇن ھەر ئىككىڭلارغا!
ئانا! بۇ ئەمەسىمىدى تۇغۇلغان كۈن ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل سوۋغا.

2017 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# ئوت ئۆچۈرگۈچى

كۆيدۈرۈلگۈچى بىلەن كۆيگۈچى ئارىسىدا
ناتونۇش ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئېنىق
سىزىلمىغان ئۇ ھېچقانداق دەستۇرلارغا
ناتونۇش ئۇ بىزنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللارغا.
ئارىسالدى بولغان ئادەملەر
قۇم ياكى سۇ توشۇماقتا.
پىنھان بىر يەردە
بىرسى جانان بىلەن سۆيۈشمەكتە
ئوت ھەققىدە ۋەھىملىك خەۋەرلەر
ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئارىسىدا قېچىۋاتقان ئادەملەر
ھەممىسى ئۆز يولىدا ئاقماقتا.
كۈن چىقمايمۇ تاڭ ئاتىدىغان يەر
كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ بولمايدىغان بىر سەھەر
بىرسى ئوت كەتسكەن دەپ دۈرۈت ئوقۇماقتا



www.uyghurkitap.com

ئوت ئاقىۋەتتە ئۆچۈرۈلگۈچى
ئاللا كىملەر شۇ ئوتتىن قۇتقۇزۇلغۇچى
بۇ سەن ۋە مەندىن مۇستەسنا هالدا
نەتىجىدە بارلىق ئوتلار ئۆچۈرۈلدۇ
يۈرەكلەر ھەسرەتتە پۇچۇلىندۇ
ئىزلار، خاتىرىلەر كۆيۈپ كۈل بولىدۇ
خۇددى لىرىك بىر مۇزىكا ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ يوقالغاندەك
بارلىق قىممەتلىك نەرسىلەر گۈزەل بىر نۇقتىدىن پەسكە قاراپ
سىلجىغاندەك
مەن مەنسۇپ بولمىغان بىر سەھەردە ئازغۇنمەن
مەن كۆمۈلمىگەن قۇياشتىكى سۇر باسقان بۇلۇتمەن
ھەر نەرسىدىن خالىي بىر دۇنيادا ئوت كېتىشنى كۈتىمەن
ھەممە ئوت كېتىشتىن قورقۇپ يىراقلارغا قاچقاندا
مەن ئۇلار قېچىپ چىققان يۆنىلىشكە قاراپ يۈگرەيمەن
ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن
بەلكىم سەن شۇ يولدىن چىقىپ مېنىڭ كۆيۈپ كەتكەن بەدىنىمدىكى
ئوتلارنى ئۆچۈرگۈچى
لەۋلەر سەيناسىدا مېنىڭ بىلەن بىر روھ بولۇپ
ئاستا غايىپ بولغۇچى
سەن ئوت قويغۇچى ھەم ئوتتا كۆيگۈچى



www.uyghurkitap.com

مېنىڭدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ
شۇ ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولغۇچى
شۇ ھالەتتە پانىيدىن قايتقۇچى.

2017 ـ يىل 3 ـ دېكابىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تىراگېدىيە

گۈزەللىك دېڭىزدىن ساقىپ چۈشكەندە
مەۋھۇم بىر تېئورىدا تۇغۇلدۇ يار
ئادەملەر، دېڭىز ھەم تاشتۇپراق
بىر تەنھا كېمگە ئايلىنىپ قالار
دېڭىزلار ئۈزۈن ناخشا ئېيتار
بۇلۇتلار سۆيۈشۈپ لەۋ قىزارتار
سەن ۋە مەن مەغلۇپ ساھىللاردا چۆرگىلەپ
ئاندىن دۇنيا ئىككىگە ئايلىنار
شۇ ۋاقىت كائىنات سۈكۈتتە بىزنى تىڭشار
تاغلار يالغاندىن ئۆلىۋالار
ھاياتلىق بىر نەپەس جان توختار
دەقىقلەر سورا
دېڭىزلار يېزىلىپ بىر جۈپ كۆزگە
رومانتىك تىراگېدىيەنى يازار ئېھتىمال.



www.uyghurkitap.com

# كېچىدىن قايتقۇچى

تۈزىتىلىدىغان بىر جۈملە سۆز بار
كېچە بىلەن كۈندۈز ئارىسىدا.
كېسىشمەيدىغان بىر ئۇزۇن يول بار
سېنىڭ كېچەڭدىن قايتىدىغان جايدا.
كېچىنىڭ ئۆزى
مەن بىلمەيدىغان بىر يەردىن كەلگەن بولىدۇ،
ئاندىن قۇياشنى باغرىغا يوشۇرۇپ «كۆرمىدىم» دەپ ئۆلگۈرىدۇ.

يېتىم بالىسىنى يېتىلەپ بۇ يولدىن ئۆتكەن غېرىپ ئاشىق
ئاستا ـ ئاستا كۆز چاقىدىغان نۇرلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ
سەن قەلبىڭنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆلگۈرىسەن
سەندىن قالغىنى پەقەت كېچىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار.
بەلكىم،
سەن ۋە مەن



www.uyghurkitap.com

ئىزتىراپ قەسىرگە ئېقىۋاتقان بۇژغۇنلار قىيانىدا تۇرۇپ ھېچ نېمىنى تەسەۋۋۇر قىلمايمىز.

چۈشكۈرگەن تاغلار غۇلاچ كېرىپ قوپقاندا

ئېنىقسىزلىقنىڭ نەقەدەر گۈزەل بىر مۇزىكا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرىمىز

گۈللەرنىڭ چۈشىگە كىرىدىغىنى ناخشا ئېيتىۋاتقان سۇ.

سۇسىزلىقتىن چاڭقىغان،

باياۋانلاردا جان تالىشىۋاتقان جىسىملارنىڭ چۈشەيدىغىنى يەتكىلى بولمايدىغان مۇساپە.

سېنىڭ خىيالىڭدا ئېچىلىۋاتقىنى ئۆزۈڭمۇ ھېس قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان بىر رەڭ.

سەن سۇئاللار ئىچىدە بوي تارتقۇچى،

مەن جاۋابلار ئىچىدە قېرىپ كەتكۈچى.

سەن ناتونۇش كېچىنى سېغىنغۇچى،

مەن شۇ كېچىلەردىن قېچىپ چىققۇچى.

مەن قايتقان ساھىللارنىڭ دوقمۇشىدا ھەمىشە «سەن ئۇپېرالاردا ئورۇنلانغۇچى» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكىنى ئۇچرىتىپ قالىمەن.

ئەڭ بۈيۈك قىسسە دەل مۇشۇ كېچىدىن قېچىپ چىققۇچىنىڭ پېشانىسىدە.



www.uyghurkitap.com

# كىتابىتىكى شېئىر

كىم ئۇ ھىلال ئاينىڭ ئالدىدا تۇرغان؟
ئۇ شامال، يېرىم كېچە بولۇت ئويناتقان.
ھاياتنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆتۈرۈپ ئاستا
قارا ئات
ئاق ئات
لەيلەپ سۇدا دېڭىزدىن ئۆتكەن
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار نەپەس ئالغاندا
بىر جەسەت يالقۇندا ئوت بولۇپ چاقنار
تەقدىر ئۇ بىر تەنەپپۇستەك
داۋراڭلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىماس
ئەگمە شەكىللىك بىر ئالتۇن نۇر
ئۇ شېئىردىكى ھەقىقەت
كېچە باغرىدىكى گۈل باغچىسى
ئاۋازسىز بىر ئاياغ ئىزى



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھاياتنىڭ يېشىمى
مەكتۇپ يوللار يۇلتۇزلارغا
ھاياتتىكى تېمىسىزلىق
ئوخشمايدۇ بېتخوۋىنىنىڭ مۇزىكىسىغا
بىر جوزىدىكى نۇرلار
ماڭا ئوخشاش تۇغۇلغاندا
باراۋەر ياشاۋاتقان ئازاپلار
يوشۇنۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا
تاۋۇتتىكى ئېھتىماللىق
قۇياش بولۇپ چاقنىغاندا
مەن ئاڭلايمەن كىتابنىڭ ئاستا يېپىلغانلىقىنى
ئاق رەڭدىكى بىر خاتا تۇيغۇ
جىمجىت يېتىپ بىر كۆزىدىن نۇر چاقناتقاندا
دېڭىزدىكى چۈشلەر
ياشىغانىغانكەن رازى بولۇشى كېرەك
گۈل پەسلىدىكى مەخپىيەت
ھەممىسى تۈگەيدۇ
بۇ شېئىر كىتابى يېپىلغاندا

2017 ـ يىل 26 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# سۆز ئوغرىلاش

ئۇنۇمسىز بىر ئۇمىدنىڭ ئۇچۇشى
باغلايدۇ ۋىسالنى تاشنىڭ ئۈستىگە
بەلكىم بىر خاتا سىگنال
ياكى ئۆزىمىز ھېس قىلالمىغان قارار
ھەممىسى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ بۇ يەردە
مەن ئوقۇغان نۇرغۇن كىتابلار
مەن بىلىدىغان بارلىق تىللار
تاشلاپ قاچىدۇ ئاندىن مېنى
ئېسىلىپ قالىمەن قارغىش سۆزلەرنىڭ ئارغامچىسىغا
مۇمكىنسىزلىك ئايلىنىپ قالىدۇ بۈيۈك دەرياغا
پۈتلىرىمنى چىلاپ بېقىپ
ئۆتمەكچى بولىمەن قارشىسىغا
تەقدىر دېگەن بۇ كۆۋرۈك
كۆرۈنمەيدۇ ھېچ يەردە ئەسلا



www.uyghurkitap.com

بۆيۈكلۈك ئۈستىدە تەدبىر بەرگەنلەر
ئاشىقلىق ھەققىدە تارىخ يازغانلار
ياكى
سۆيگۈنىڭ سىياسىتىنى بەلگىلىگەنلەر
جىنايەت دەپ قارار چىقىرىدۇ بىراقلا
مەن ئۈچۈن بەرىبىردۇر ھەممىسى
ئۆزۈمگە ناتونۇش يوللاردا كېچىمەن شۇ تاپ
بۇ بىر ئىككى كىشىلىك جىنايەت ئەسلىدە
شاھىد ئەمما ئۇنىڭغا ئۈچىمىز
ھەممە يەر تەنتەنىدە كۈلگەنىدە
ئېسىلزادە كېيىنىۋالغان ئايااللار
ئەيىبلەشكە باشلايدۇ ھەممىنى
دۇنيا ئېيتىلماقچى بولغان ناخشا بولسا
مەن ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكەن نەۋاق
ئەگەر بىر نوتا بولسا يېزىلمىغان
مەن تاماملىغان ئۇنى ئەينى چاغ
مەن بارلىق تىللارنى ئاختۇرۇپ تۇرۇپ
بۆيۈك بىر جىنايەتنى سادىر قىلىمەن
بەلكىم ئۆمىدنى تونۇماقچى ياكى سىزىۋالماقچى ئىدۇق
ئاندىن سېنىڭدىن بىر سۆز ئوغرىلايمەن



www.uyghurkitap.com

ئۇ دەل مەن ۋە سەن
ئاندىن بىر ناخشىغا ئايلىنىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ كېتىمىز
بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغانلار
ئېيتىشىدۇ تۇشمۇتۇشتىن بىر ناخشىنى
ئاستا مۇزىكىغا ئايلانغان ئىنسانلار
مەس بولۇشىدۇ بىر نۇقتىدا دۇنيادا چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر كوپ
چۈشەنمەسلىك ئەڭ ياخشى جاۋابنى بېرىدۇ شۇڭلاشقا
دۇنيا مېنى چۈشەنمەي قالغان چاغدا
مەن ھەم تەسەۋۋۇرسىز قالغان بىر زاماندا
دەل بۇ يەردە سېنىڭ باغرىڭدىن
بىر سۆزنى ئوغرىلاپ قاچىمەن ئاستا

2017 ـ يىل 11 ـ ئاپرىل



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇغۇلۇش

يۇلتۇزلار بىلەن ئۇچرىشىش دەۋرىدە
كىچە قۇدۇقىنىڭ مۇزلىرى
ئازاپلار بىلەن تۇرغان زاماندىكى يۈرەك
قۇدۇقتىن ئېتىلىپ چىققان نوتا ئاۋازى
پۈتكۈل دۇنيا شۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندە
بۇ مەن تۇغۇلغان زامان ئىدى
دۇنيا شۇ زاماندا تۇغۇلغان



www.uyghurkitap.com

# دېڭىزدا ئۇخلاپ قېلىش

مەن دېڭىز يوق سەھرادا تۇغۇلغان
دېڭىزنىڭ قورقۇنچلۇقلىقىنى دادامدىن ئاڭلىغان
ئەمما دېڭىزدا كەزگەنلىرىم چۈشۈمدە ئايان بولغان
ئۇ زامانلاردا دېڭىز بىر ئايالنىڭ ئۈستىدىن ئېقىپ كېلەتتى

2

بالىلىقىم قۇمنىڭ ئاستىدا قالغاندا مەن يالاڭئاياغ بولۇشقا قاراپ ماڭدىم
ئاياغ ئىزلىرىم باشقىلارنىڭ كۆزلىرىگە پۈتكەندە باشقىلارنىڭ
ئۈۋىسىغا ئايلاندىم
ئەمما بۇ ۋەقەلەر دېڭىزنىڭ سىرتىدا يۈز بەردى
ئۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن تۇپا ياغاتتى
شۇ تۇپىلار ئاياللارنى بېسىۋالاتتى

3

بىر زامانلاردا يىگىت ئىدىم بىر شەھەردە ياشايتتىم



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ شەھەردە دېڭىز يوق ئەمما يامغۇر ياغاتتى
شەھەرنىڭ يامغۇرى ئەرلەرگە ئۆلۈك ھىدىنى ئەسلىتەتتى
ئاندىن ئاياللارنى روھلاندۇراتتى
كۈن چىقماستىن يامغۇر ياغاتتى
ئەرلەر ئۇيقۇدا، ئاياللار ئويغاق ياتاتتى
بۇ شەھەردە تەس تاڭ ئاتاتتى
ئاسمىنىدىن يامغۇر ئارىلاش ئايال ياغاتتى

4

ئاياللار سەنئەت دەيدىغان بىر شەھەردە ياشىدىم
ئاياللار بارلىق نەرسىلەرگە ئوت ياقاتتى
سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت ئاياللاردىكى سەلتەنەت
ئوچۇق بىر جايدا ئاياللارغا ئوت قويۇلاتتى
ئاياللار يالىڭاچ كوچىغا چىقاتتى
بۇ شەھەردە يامغۇر قارغا ئايلىناتتى
ئاياللار چالا كۆيۈك بولۇپ قالاتتى
ئەمما بۇ شەھەردە دېڭىز بار ئىدى

5

بۈگۈن بىر شەھەردە ياشاۋاتىمەن
ئاياللار دېڭىزدا ئۇخلاپ قالاتتى ئاندىن كۈنگە ئايلىناتتى



www.uyghurkitap.com

دېڭىز تۆت ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇراتتى
ھېچكىم دېڭىز ھەققىدە پاراڭ سالمايتتى
يالىڭاچ كوچىغا چىققان ئاياللار قاردا توڭلاپ قار مومايغا ئوخشاپ قالاتتى
دېڭىز ئۈستىدىن توختىماي ئاقاتتى
ئەمما ئاسماندىن ئايال ئەمەس قار ياغاتتى

6

بۈگۈن دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئۇيقۇدا مەن
بۇ يەردە پەقەت يامغۇر ۋە كۈننىڭ ئاۋازى
كۆزلىرىمدە تارتىلغىنى ھەسرەتنىڭ رەڭگى
ئۆلگەن خىياللار قەلبىمگە قاچىلاپ قويدى دۇنيانى
ئاسماندىن ئۇيقۇ ياغماقتا



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەئەججۇپ

سەن مەندە يوق
مەنمۇ ھەم سەندە
نەلەردە قالدۇق بىز ئىككىمىز
ئەمما،
ئاخشامدىن تاڭغا قەدەر مۇڭداشقانغۇ بايا بىز.
بىلدىم
ئىككى ئەمەس بىر تەندە ئىكەنمىز ئەسلى بىز.

2018 ـ يىل 15 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

# يالغانچىلىنىش

تاشتەك ئېغىر بىر رىۋايەت باشلىنىشتىن ئاۋال
كىيىمىم بىلەنلا قوغدا سىڭىپ كەتتىم مەن
گۈلنىڭ قورقاق تەبەسسۇمى، سۆيگۈدىن بېشارەت بېرەلمەيدۇ ئەسلا
ئەگەر پۈتۈن شەھەر تاشقا ئايلانسا
بىر قورققاق سوئال
بىر خىيالسىز تەسەۋۋۇر
مېنى يالغانچىلىنىشقا قىستىماقتا
ئەقلىدىن ئاداشقان ھېلىقى ئادەم
سۆيگۈگە تەشنا بىر تۇل چوكان
پۈتۈن شەھەر كۆيۈپ كەتسكەن دەپ دۇئا قىلغاندا
سىرلىق بىر ئۆڭكۈردىن ئۆمىلەپ
چىقىپ
يالغانچىلىنىشقا باشلايمەن ئاستا
يوقايدۇ ئاندىن جىنس توغرىسىدىكى ناتوغرا خىياللار



www.uyghurkitap.com

ئەر ئايالالار توغرىسىدا تۈگىمەس ماجىرالار

دۇنيا سۆكۈتكە چۆمدۇ بەلكىم

دۇنيا يالىڭاچلارغا تولۇپ تاشقاندا

2017 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل



www.uyghurkitap.com

# ئاچقۇچ

ۋۇجۇدۇمدىكى راك كېسەللىك تۇيغۇسى
دېرىزىدىن چۈشۈپ قاچار ئېگىزگە
مىڭ يىلنىڭ رەڭگىدىكى ئەتىرگۈل
چاقىرار ئاستا
يىراقتا سوزۇلغان بىر قولنى
ئۇخلاش ئۆيى بىر مۇزلاتقۇ
تۇگۈلتىدۇ بارلىق چۈشلەرنى
بىلىمەن، ئىنچىكىلىك بىلەن
كۆز يېشىڭنىڭ دېڭىز بولۇپ كېچىدە ئاقىدىغىنىنى
ئاندىن سېنىڭ ئۇنى قۇلۇپلايدىغان تۇيغۇڭنى
قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچ
سىرلارنى يوشۇرماقچى بولغان ۋەھىمە
يوقمىدۇر ئۇنىڭ بىر يېشىمى؟
ھېچ ئالداشنىڭ ھاجىتى يوق



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزىلىدۇ ھاياتتا ھەممە ئىشنىڭ يېشىمى
بىز تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ئەخمىقانە خىياللار
ئۇلىشىدۇ بەلكىم گۈزەللىككە
نېمىلا دېمىسۇن بىراۋلار
بىز باشلايمىز باراۋەرلىكتە ھاياتنى
بەلكىم
ئەتە مەن ئوغرىلايمەن بىر تال ئاچقۇچ
ئاندىن ئېسىۋالىمەن بوينۇمغا ئۇنى
تۈگەيدۇ ئاندىن ھاياتنىڭ ھەممە يېشىمى

2017 ـ يىل 21 ـ ئاپرېل



www.uyghurkitap.com

# باشقا يەردىكى كېچە

تەننىڭ ئۆلۈك ھالەتتىكى يىغىسى
قۇياش يوق بىر سەھەردە ئاسماندىن ساقىپ چۈشىدۇ
ئانارنىڭ دانىسىدەك چېچىلغان سوئاللار
ئاستا كېلىپ خامۇش بىر شەھەردىكى بىر بويتاق ئەرنىڭ باغرىدا
ئېرىپ تۈگەيدۇ
توي قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن خامۇش يىللار
يۇپۇرۇلۇپ مېنىڭ كارۋېتىمغا كېلىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ
سوراق يوق دەپ ياشاۋاتقان بىر ئايال
ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ
باشقا بىر يەردىكى كېچە
ئۆيۈمنىڭ كېچىسىگە ھېچ ئوخشىمايدۇ
كېچىنىڭ سالقىنلىقى ئۇنىڭ تېنىدىن ئۇزۇن بولىدۇ
رەھمەتلىك مومام ھەر كېچىسى چۈشۈمگە تەبىر بېرىدۇ
تەقدىر تەبىردە كۆيۈپ تۈگەيدۇ



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما كېچە كېچىدىن قاسراق تاشلىغاندا
سەن كېچىدىن سۈزۈلۈپ گۈلگە ئايلىنىسەن
سەن گۈلسەن ھەم گۈلدىن گۈزەلسەن
ئاخىرى گۈلگە كۆندەشسەن
سەن باشقا بىر بىر يەردە ماڭا ناتونۇش كېچسەن
ئۆزۈڭنى ئىچىڭگە يوشۇرۇپ ئۆلگۈرىسەن
سەن باشقا بىر يەردىكى ناتونۇش كېچسەن
چوقۇم بىر كۈنى ماڭا بىر ئورتاق تىلدا سۆزلەيسەن
ئارقىدىن كېچىنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ قاچىسەن

2017 - يىل 30 - ئاپرېل



www.uyghurkitap.com

# تاش چېقىش

كېچىنىڭ ھالسىرىغان باغرىدىن چىقىپ
يىلان يىللىق قىزنىڭ باغرىغا ئۇت قويىدىغان ئەر
ئۆزىنى بىر ۋەھىملىك ھېكايىنى توقار
يىللار تاشقا ئايلانغاندا
ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا تاشنىڭ ئىچىدىن چىقار
شەھەرلەر تاشتىن قوپۇرۇلغاندا
تاش چېقىش بىر ئەپسانىگە ئايلىنار
كۆن چىقمايدىغان شەھەردە ئايالالرنىڭ تەسەۋۋۇرى قۇياش
ئادەملەر سولاشقان شەھەردە
تەسەۋۋۇردىن قۇرغاقلىق كۆكلەپ چىقار
سوغۇق شەھەردە ياشاۋاتقان تاش
ئۆزۈك ھەم سوغۇق لېرىكىنى شېئىر قىلىپ يازار
ئۇنىڭ سۆيگۈسى ھەر كېچە تاش چاقار
سۇلار ئېقىپ، تەكرار قۇرۇپ كەتكەندە



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۇنتۇلغاندەك، دۇنيا ئېقىپ تۈگەر ئۇنتۇلار
يىللاردىن سىر ئوغرىلىغان تاش
تارىخنى پارچىلاپ يوشۇرۇۋالغان تاش
ئېدىرلىقتا ئەڭلىك سۈرگەن تاش
ئاخىرى قۇياش بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن تاش
ھەممىسى فىلىم كەبى ـ بىربىدىن ئايان بولار
ھەمدە يىراق بىر ئۆڭكۈردە خوتۇن ئېلىۋالغان تاش
بىر ئارخېئولوگ لوفا ئەينەك نۇرىدا كۆزىنى قىسىپ
تاشنىڭ باغرىدىن سۈزۈلۈپ چىقار ھەمدە تەسەۋۋۇرنى ئاستا يەرگە
سىزار
دۇنيا شۇنداق قىلىپ ئۇخلاپ قالغاندا
بۇ تاشنىڭ سىرلىرى تەنھا قالار
مەن بۇ شېئىرنى يېزىشقا ئامالسىز قالغاندا
تىنىقلىرىم توختاپ روھىم تاشقا ئايلىنار
مېنى خالىمىغانلار مەندىن دەرت چىقىرار
مېنى سۆيىدىغان بىرسى سۆيگۈدىن شەمشەر ياساپ
ئىشىق بازغانلىرىدا مېنى چاقار

2017 ـ يىل 26 ـ ئاپرېل



www.uyghurkitap.com

# سۇنىڭ سۆڭىكى

1

سۇنىڭ ئەكسى ھالىتىدە
سەن ۋە مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرىمىز.
بەلكىم ئىككىمىز دەل مۇشۇ سۇدىن پەيدا بولغان،
ئاندىن بىز ھاياتتا قايتىلانغان.
سۇنىڭ ئىستىخىيەلىك بەدەن سۆڭىكى،
سىڭىپ كېتىشنى نىشان قىلىدۇ بىر يەرگە،
ۋاز كېچىپ دولقۇنلاشنى نىشان قىلغان دېڭىزدىن،
سەن ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر مۇزىكا بولساڭ.
ئېقىپ كېلىمىز تۇنجى قەدەمدە،
ئېقىپ تۈگەيمىز ئاخىرى يەنە.
سۇ پاكلىنىش ئۈچۈن تەننى شورايدۇ،
تەن كىرلىنىش ئۈچۈن روھنى مارايدۇ،



www.uyghurkitap.com

بۇ زامانلاردا بىز ھەممىمىز سۇغا ئايلىنىپ بولغان.

2

سېنىڭ قەيەردىن كەلگىنىڭ نامەلۇم،
ئەمما، زامانلاردىن زامانلارغىچە ئاققىنىڭ بىر ھەقىقەت.
سەن مېنىڭ ئۈچۈن سۇدەك ئېقىۋاتقان رىۋايەت،
بۇ بىر ئىشقىنىڭ سۇدىكى شولىسىدۇر.
سېنىڭ سۇغا شۇڭغۇغان ھالىتىڭ،
مېنىڭ سۇدىن چىققىنىم.
بۇ يەرلەردە يوق ئىدى ھېچنىمىنىڭ چېگراسى،
بۇ يەردىكىسى بىز بەرپا قىلغان ئىككى كىشىلىك ئاشىقلار شەھىرى.
سەن سۇغا ئايلىنىپ ئۈزاق - ئۈزاقلارغا ئېقىپ كەت!
مەن سېنىڭ دولقۇنۇڭغا چۆكۈپلا كېتەي.

3

سەن يوق يەردىكى سۇنىڭ ئاۋازى،
بىر كىلاسسىك مۇزىكا كەبى ئورۇنلىنىدۇ.
مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنى «تەنھا» سېزىۋاتقانلار،
تۇتام - تۇتام پۇلنى سىقىمداپ ئۆزىنى «يوقسۇز» ھىس قىلىدىغانلار،
بۇ كىلاسسىك مۇزىكىغا مەھلىيا بولىدۇ.
مەن يەنىلا سۇنىڭ سۆكۈتىدىن تارالغان مۇزىكىغا مەھلىيا بولىمەن.
سەن سۇدۇرسەن، ھەم مەندۇرسەن،



www.uyghurkitap.com

سۇ سېنىڭ خىيالىڭدا ئاققاندا.

4

سۇنىڭ رەڭگى ھەققىدىكى خىياللار،
ھەم سۇنىڭ سۆڭىكى ھەققىدىكى خىياللار،
سېنىڭ بىلەن قوشۇلۇپلا كېلىدۇ.
بەلكىم بۇ بىر سۇ پەسلى،
ئاچچىق تاماكا ئىسلىرىدىن كۆيۈپ يۇقۇرىغا ئۆرلىگەن،
ئاندىن سېنىڭ ھەققىڭدىكى شېرىن خىياللارنى سۇغا ئېقىتىپ تۆكىگەن.

5

سەن كۆلۈپ تۇرۇپ ئېقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئازاپلىرىدىن ھوزۇرلانغۇچى،
ئاندىن تەنھالىق كېمىسىگە چىقىپ ئۆزۈڭگە ئېسىلىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن يىغلىغۇچى،
بىز ئاخىرى سۇ بولۇپ ئېقىشنى تاللىغۇچى،
ئاخىرى شۇ يەرگە بىرلىشىپ سىڭىپ تۆكىگۈچى،
بارلىق سۇ شەكلىنى سۆڭەكسىز قالدۇرغۇچى،
سۇ ھەققىدىكى تەبىرنىڭ ئەڭ دانا يېشىمىنى يازغۇچى.
سەن سۇ، سەن ئېقىپ تۆگەيسەن،
مەن سۇ، مەن سىڭىپ تۆگەيمەن،
بىز بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنى سۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھېس قىلغۇچى.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# رەڭ ئىزدەش

بۇلۇتنىڭ كۆلكىسى يوقالغان كەبى يېپىلماقتا قەلبىمدە ئىزتىراپ
سەنئەتكارنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ چىققان بۇ كوچىلارغا
بىزنىڭ يۈزىمىزنى ناتونۇش قوللىرىدا ئۆتمەكتە سىپاپ
دەل كوچا چىراقلىرى زۇۋانغا كىرگەندە

رەڭگا رەڭ كۆزلەرنىڭ سەيناسى قۇرۇق
خۇدۇكسىرەپ باقمىز ئەتراپىمىزغا
ئارقىدىنلا بۇيەرلەر بىزنىڭ دەپ تەسەللى بېرىدۇ ئۇلار شاماللارغا
ئېقىپ چۈشىدۇ بارچە رەڭلەر ئاندىن ئۆز يولىغا.
بۇيەر ئۇلارنىڭ.
بۇ خەتلەر يېزىلغان ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا،
قانداق رەڭدە سىزغۇسى كەلسە سىزىپ ئۆزگەرتىدۇ ھەتتا باشقىسىغا،
بارلىق رەڭلەر توغرىسىدىكى قارار مەنسۇپ يەنە ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرىدا.



www.uyghurkitap.com

دەقىقىدە يىغلاپ، دەقىقىدە كۈلۈشكە ئادەتلەنگەن بۇ شەھەر
بەلكىم قىزىقماس مېنىڭ سىرلىرىمغا.
بىز قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ تۇرۇپ ئانا تىلىمىزدا سۆزلىگەندە
ھېچ ھەيرانلىق يوق چىرايىدا.
بىز كېتىپ قالىمىز ئۆلارنىڭ رەڭلىرىگە سىڭىشىپ ئاستا
بارلىق رەڭلەر بىر نۇقتىغا يىغىلغان چاغدا.
ئادەملەر بىلەن رەڭ تۈيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ دۇنيادا
رەڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆز رەڭگىنى تاپالمىغان سەنئەتكار بار دېيىلسە
ئىشىنىمەن چوقۇم
بىز شەھەرلەرگە مىڭ رىۋايەت سۆزلىسەكمۇ رەت ـ رەت
كۆزلىرىنى مەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدۇق ئاخىرىدا.
ھېچكىم بىلەن، ھېچ زامان بىلەن كارىمىز يوق
ھەرقانداق تىل بىلەن ئىشىمىز يوق بىزنىڭ
شۈكرى دېدۇق بىز ئاسمانغا قاراپ
بۇ شەھەردە، بۇيەردە ھېچكىم بىلمەيدىغان ئانا تىلىمىزدا.
بارلىق رەڭلەرگە چىلىشىپ تۇرۇپ،
بىر رەڭنىڭ يولىنى بويلاپ ماڭدۇق ئاخىرىدا
بۇ بەختىلىك بىر تۈيغۇ ئىدى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا
ھېلىمۇ ياخشى كۆزنى قاماشتۇرىغان رەڭلەر دېڭىزىدا
رەڭ قارغۇسى بولۇپ قالمىغىنىمىز بۇ دۇنيادا.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دېڭىزنىڭ لەۋلىرى

ئۇيقۇدىن ئويغانغان دېڭىز،
چۇشىنىڭ شېرىن رىسقىدىن لەۋلىرىنى يالايدۇ ئاستا،
ئۇ ئەڭ گۈزەل تىلدا ئورۇندىلىۋاتقان مۇزىكا.
ئويغاندى،
ئاقتى دولقۇنلاپ ئەسلىمىسى قالغان شۇ جايغا.
كېچىلەر ئۇنتۇلۇشنى قىلغان خاتىرە،
بۇلۇتلار ۋىسال ئۇچۇن شۇڭغۇپ دېڭىزغا،
يۇلتۇزلار كېچە قوينىغا شام ياقار ئاستا،
قاشاڭ بىر كېچىنى سۆرەپ كەلمەكتە دۇنيا.
سەن
تەسەۋۋۇرۇمدا ئاسماندىن تۇغۇلغان دەريا،
مېنىڭ ئەسلىم ـ ۋەسلىم ئايادۇر ئۇندا.
بىر ئەينەك بولسا ئۇمىدنىڭ بىز قۇرغان يولى،
مەن ئۇنىڭ باغرىدىكى ئۈزۈك شاۋقۇنى.



www.uyghurkitap.com

سەندە تامامىلىنار سۆيۈلۈشنىڭ بۈيۈك ئارمىنى.
تەسەۋۋۇرۇمدا سېنىڭ لەۋلىرىڭ گوياكى دېڭىز.
چۆكتۈرسۇن مېنى!
مەن رازى، يۇتسا ئۇندا مېنى سۆيگۈ غەلىينى!
سېنىڭ لەۋلىرىڭ چۆكتۈرىدۇ ھەتتا دېڭىزنى.

2017 ـ يىل 9 ـ ئىيۇل



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەما جۈمىلىلەرنىڭ كۆزىدە

ۋاقىتنىڭ يىغلاڭغۇ نوتىسى چۈشەكەيدۇ،
قۇياشنىڭ ئۆنۈپ چىققان كۆزىدە.
بىز قەدەملەرنى شۇئارلارغا ماسلاشتۇرۇپ،
ماڭماقتىمىز بۇ شەھەردە.
ئۇنتۇلغان بارلىق تىلدىكى ۋەدىلەر،
ئۇنتۇپ كېتەي دەپ كەلدىم ھەم،
مېنى ئېزىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئارمانلارنى،
مەن ئوقۇغان توم ـ توم پەلسەپىۋى كىتابلارنى،
ئاڭلاۋاتقان ھەم كۆرۈۋاتقان، كۆپتۈرۈلگەن خەۋەرلەرنى،
بىر ئەلنىڭ بىراۋلار ئۈستىدىكى ھاسلاتلىق يەكۈنلىرىنى.
ھەتتا ئۇنتۇپ كەتكۈم بار ئىدى مېنىڭ،
مەن تەكرارلاشتىن قورقىدىغان بارلىق سۆز جۈمىلىلەرنى.
قۇياش كۆيدۈرۈشنى ئۇنۇتقان بۇ شەھەردە،
چارىسىز،



www.uyghurkitap.com

مەجبۇرى كۆيدۈرۈشكە باشلىدىم ئۆزۈمنى.
ساقاللىق، بۈيۈكلۈك ھالىتىدىكى كوچا،
كۆزىگە ئەينەك تاقاپ سۇ كۆلچىكىدە ئويۇن قويۇۋاتقان بىلىقلار،
ئۆز خوجايىنىنى قامچا بىلەن ئويۇن كۆرسىتىشكە زورلاۋاتقان مايمۇنلار،
ئەتراپىدا چاۋاك چېلىپ ھوزۇر ئېلىۋاتقان مەخلۇقلار،
ئاندىن سەنئەتنى سېتىۋاتقان ئۈمىدلىك قۇللار
ھەممە ھاسىلاتلارنىڭ نەتىجىسى بۇ شەھەردە ئۈنۈپ چىقماقتا.
بۈيۈك بىر مەدەنىيەتكە ھامىلە بولغان كوچىلار،
ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان تىللارنى تۇغۇپ قويىدىغان ئادەملەر،
ئالدىراش سەنئەتنىڭ رەستىخانىسىگە يول ئالماقتا.

دەل شۇ ۋاقىتتا، دەل بۇ زاماندا
كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ ئۆزۈمنى سىناق قىلىمەن.
بىر مەدەنىيەتنىڭ بېسىپ ئۆتكىنىنى،
بىر مىللەتنىڭ ياۋايىلارچە كۈلۈۋاتقىنىنى،
بىر تىلنىڭ غالىپلىقىنى،
بىر ئېرىقنىڭ مەزلۇملۇقىنى،
ئارقىدىنلا بىر ئەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ھامىلدارلىقىدا ئەسەبىلەرچە
قېچىۋاتقىنىنى.
مەن ھەم ھېس قىلدىم يەنە،



www.uyghurkitap.com

سوغۇق شامالدەك بىر تۇيغۇدا يۇيۇنىۋاتقانلىقىمنى.
بۇ يەردە ئادەملەر رەستىلەرنىڭ كۆزىدە،
رەستىلەر ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە،
پەقەت مەن، ۋە پەقەت مەنلا
كېلىمەن ئىسقىرتىپ
ئېزىپ قالغان بىر ئەما جۇملىنىڭ كۆزىدە.

2017 ـ يىل 15 ئىيۇل / لوندون



www.uyghurkitap.com

# سېنىڭ ئورنىتاڭ

شاراقلاپ تۆكۈلسە ئاسمان
ھېچ پايدىسى يوق مەن بىلىدىغان تىللارنىڭ ھىمايىسىنىڭ.
ئارىمىزدا ئازغۇن بولۇت بار،
كەيىپ سۈرەر قەلبلەردە مىسكىن قولۋاقلار.
تاغلاردىن تارقىلىپ كېلىدىغىنى مەسۇم بىر يازنىڭ گۈل ئەگمىسى،
تەسۋىرلىگۈسىز بىر شېرىن تۇيغۇنىڭ يېرىم يايلىقى،
توگمەندە تارتىلغان ئۆگۈتكە ئوخشاش رىياللىقنىڭ ئەنئەنىسى.

ئۇيقۇدىكى قۇياش ئويغۇتىدۇ سۆيگۈنى،
- ئاھ! دەپ شېئىر يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق،
قۇياش سېنى چۈشلىرىگە سۆرەپ كىرگەندە.
ئۇھ، دەپ لەۋ چىشلىمە جېنىم
مەن سەنسىزلىككە چۆكۈپ كەتكەندە.
ھەسرەت چەكمە پىژغىرىم ئىسسىقتا قار ياغسا،



www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئۆلۈپ چىقار ئاستا ـ ئاستا بىز مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغاندا.
ـ يىغلاۋاتقان كۆيلەرگە ئېسىلىۋالغانلار،
ئۇخلايدىغان دېڭىز سۈيىگە مۆكۈنىۋالغانلار،
مېنىڭ نەسلىم بولالماس،ـ دەيتتى ئانام بامدات نامىزىدا.
مەن بارغانسىرى قېرىۋاتقان ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ زەئىپ
تەسەۋۋۇرغا يۆلىنىپ قالىمەن،
مېنىڭ ماڭا ئوخشىمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ساڭا تەسلىم بولۇش
قارارىدا بولىمەن،
بۇ دەقىقىلەرنىڭ سېنى سۆيۈشتىن باشلانغانلىقىنى تۇيۇپ قالىمەن.
چارچىغان نېرۋىلارغا ھېچنېمىنىڭ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن،
ئارقىدىنلا سېنىڭ ئورىنتاڭنى ئايلىنىمەن،
سۆيگۈ ئۈچۈن يېزىلغان توم ـ توم رومانلارنى ئوقۇپ باقىمەن.

بىلىمەن سۆيۈشنىڭ بىر بەدىلى بار،
سېنى سۆيۈشنىڭ سەپىرىگە چىقىپ
ھەم شۇ دەقىقىدە ئۆزۈم بىلەن خوشلىشىمەن.
بەزى چاغلاردا سۆيگۈنىڭ بەدىلىدىن ۋايساپ يىغلاپ سالىمەن،
چوقۇم سەن ئۈچۈن ئۆزۈمدىن كېچىمەن.
كېتىمەن
كېتىمەن



www.uyghurkitap.com

كېتىمەن
بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ سېنى ئۇپۇققا يولغا سالىمەن.
لەۋدىن ـ لەۋگە شۇندىق بىر رىۋايەتنىڭ بارلىقىنى
سەنسىز دەقىقىلەردە ئاندىن ھېس قىلىمەن.
سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىمەن،
بارلىق نىشانلارنىڭ قارشىسىدا شۇئان سېنى كۆرىمەن.
تووۋا
مەن نېمىشقا ھەمىشە يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمەن.

2017 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# تارىخ

كۆزلەر سۆزلەر
لەۋلەر خاتىرىلەر
ئۇپۇقلار سىزار
دەريالار يازار
تۇپراقلار كۆمەر
ئىككىمىزنىڭ تارىخىنى.
شامالالار ئەپ قاچار
مۇزىكىلار ئوغرىلار
ناخشىمىزنىڭ نوتىسىنى.
بىرىمىز ئاي، بىرىمىز قۇياش
سۆيۈش بىلەن ئازاپ ھەم قان قېرىنداش
ماگىلا بەر تاغدەك ھەسرىتىڭنى.
سېنى سۆيۈش بىر مۇزىكا
بىر كىلاسسىك مىلودىيە



www.uyghurkitap.com

ئۇلار سۆز ـ چۆچەك قىلار،
دوستلار داستان قىلار
ئىككىمىزنىڭ ئۆلۈمىنى.
گۈلۈم
سەنسىز مەن قانداق يازاي
سەنسىزلىكنىڭ ناخشىسىنى.
مەن سۆيگەن گۈلبەرگى سەن
ئەسلا، ئەسلا ئۇنۇتما مېنى.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇزىكا

مۇزىكا ئۇ سېنىڭ بىلەن ئىككىمىز
مۇڭلۇق ئاڭلاناماقتا ھەممىلا يەردە
چەك - چېگرالار بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوق،
ئەمما دائىما چېلىنىشى كېرەك ئىككى قەلبتە.
بىرىكىشنىڭ ھەسرىتى كەبى ئۇزۇن ھەم سىرلىق
تاشنىڭ ھېكايىسىدەك ئازاپلىق
پادىچى قىزنىڭ ھېكايىسىدەك بەكمۇ ھايالىق.
خۇددى ئەسەبىي تۈيغۇدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز
سۆرىلىپ چىققاندەك كوھىقاپتىن
مەن يالىڭاچ پېتى
دالىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سېنى تىڭشىدىم.
چېلىنماقتا ئەشۇ مۇزىكا يىراق بىر جايدا.
گۈلنىڭ رەڭگىگە ئايلىنىپ كەتكەن سەن
دەل مۇشۇ زامان، مۇشۇ دەقىقىدە شۇ مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟



www.uyghurkitap.com

ياكى دېرىزەڭنى يوغان ئېچىپ يوللارغا قاراۋاتامسەن؟
بىر سەرگەردان مۇزىكا ئاستا يوشۇرۇندى
يۈرىكىڭنىڭ باغچىسىغا.
مۇزىكا چېلىنماقتا
مۇزىكا ئوغرىلانماقتا
بۇ مۇزىكىنىڭ نوتىسىنى يازارمىز قاچان؟



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كېچىگە كىرىش

گەر تىمتاس ھەم قورقۇنچلۇق بولسىمۇ دائىم
ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر يوشۇرۇنىدۇ ئىچىگە
مەن سۆيگەن بارلىق نەرسىلەر
ھەمدە مەن سۆيگەن ئايال.
يىراق يەردىكى ئانام ۋە ئاتام،
يۇلتۇزدەك پارلىغان تۆت قېرىنداشىم،
مەن بىلەن قىز تالاشقان ھېلىقى دوستۇم،
پۇتلىرىمنى يارا قىلغان سەھرادىكى يول،
ئانا تىلىمنى ئۆگەتكەن رەھمەتلىك ئۇستاز،
جىنچىراغتا ئوقۇغان ھېلىقى كىتاب،
مەھەللىگە توپا چاچقان پادىچى بالا،
قورقۇپ مىنەلمىگەن ھېلىقى بايتال،
كېچىدە ناخشا ئېيتقان يولدىكى ئورمان،
نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر يوشۇرۇنغان ئۇنىڭ ئىچىگە.



www.uyghurkitap.com

كېچە ھېلىھەم قورقۇنچلۇق سېنىڭ كۆزۈڭدە.
ئۇزۇن بىر مۇساپىنى ھەرىدەپ تۇرۇپ
يالڭاچ كىرمەكچى بولدۇم مەن سېغىنغان
ئاشۇ كېچىگە.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# سىنىقدىكى پارچىلار

(1)

سۆكۆتنىڭ چىشلىرى زادى قانچە تال؟
ۋاقتى كۆندۈزگە
بىرسى ياراتقۇچىغا ئىبسلىغان كۆنى
ئۇ بىر ئايال ھەر كېچىگە دۇئا قىلغۇچى
قونۇپ قالدى يۇلتۇز ئۆيىدە.

(2)

كۆندۈزلەر ئېرىپ تۆگىدى
ئۆزىنى تىڭشىدى بىر ئەر
ۋاقىت ئاستا ئۇيقۇغا كېتەر
بارماقلىرىدا شېرىن ئەسلىمە
سۆكۆتنىڭ ئۇخلاش كىيىمنى كىيدى ئۆستىگە

(3)

ھەر زامانكى ئۆلۈم پەيتىدە



www.uyghurkitap.com

رەستىلەر تولدۇ چۈشكە
توپلىشىپ ئۇيقۇدىن قايتار ئادەملەر

(4)

خاتىرىلەر ئۈنۈپ چىقسا دېڭىزدىن
ئىككى كۆزۈم ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتار
بىر نازىنىنىنىڭ جەستى
ئاندىن بۇ يەردە
سۆيۈشىدۇ ئاي ھەم قۇياش

(5)

سۆزلەر سۆرەپ چىقار ھەرپلەرنى ئاۋازدا
بىز جۈملىلەرنىڭ ھارارىتىنى
ھېس قىلىمىز بويتاق كوچىدا
قەلبلەر سېغىنىشقا ئاشىق بىر جايدا

(6)

مېنىڭ ئۈچۈن يېزىلسەن
مېنىڭ ئۈچۈن تۆكۈلسەن
مېنىڭ ئۈچۈن شېرىن ئۆلۈمدۇرسەن
مېنى سىزىۋاتقان ھاياتقا



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(7)

سۆيىمەن دېمە
سۆيىمەن دېمەي
بىز سۆيۈشمەيلى يىراق ئۇپۇقتا
ئەسلىمىگە قوشۇلۇپ كۆيۈپ.

(8)

ئۇقتىلارنىڭ سول تەرىپىدە سەن، ئوڭ تەرىپىدە مەن
جۈملىلەرنىڭ بېشىدىكىسى سەن، ئاخىرىدا مەن
داۋام قىلار ھايات چوغلاردا
نۇر چاچقۇزۇپ يۈرەكتە ئەينەك.

(9)

ھەر تەبەسسۇمدا بىر يېشىم
بىر يېشىمدا مىڭ تەبەسسۇم
باغلاپ تۇرار بىزنى ئۇپۇققا
كەلمەكتە پىلانىتلار ئەگىشىپ

(10)

كېچىلەر قېرىماقتا زىناقتا ئاستا
سەھەرنىڭ لېۋىگە سۆيۈشۈپ نۇرلار



www.uyghurkitap.com

قىياسلىرىمىزدا
سەن نۇر يۇيۇنىۋاتقان مېنىڭ باغرىمدا
بىلەمسەن؟
باھارسىزمۇ ياشاۋېرەر ئاشقلار

(11)

بىر ياكى ئىككى كۆز ھەممىسى ئوخشاش بىر مەنا
سەن يوشۇرۇنغان
تۇنجى سۆيۈشكۈچى قارچۇقلىرىمدا

(12)

ناخشىلار تۇيغۇمۇ ۋە ياكى ئۆلۈم؟
يوق ھېچ تەسۋىر سېنىڭدىن باشقا
كىم ئۇ كېمىلەردە يەلكەننى ئاچقان؟
مەن كۆرمىدىم
ھېچكىمنى ھاياتلىقتا سېنىڭدىن باشقا؟

(13)

بۇلار، ئۇلار ۋە ياكى بىز
بىر كۆز ياكى ئىككى ھەممىسى
مېنىڭ يوللىرىم ساڭلا تۇتاش



www.uyghurkitap.com

(14)

سەن بارلىق مەنزىللەردە شاھىد ياققۇچى
سەن بارلىق تۈيغۇلاردا ئەكىس ئەتكۈچى
سەن بارلىق كۆزلەردە گۆزەت تۇتقۇچى

(15)

سەن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تۇيغۇلىرىمنى رىئاللىققا پەيدا قىلغۇچى
بىز نۇرلار شاۋقۇنى



www.uyghurkitap.com

# خوتەن شىۋىسى

ئۆتتۈز ئىككى چىش چىقتى كوچىغا
بىرى قۇم يىدى
بىرلىرى توپا.
چىقىۋالدى ھارۋىلىرىغا
ئەگلىك سۇرۇشتى مەگزىلىرىگە
ساقال ئالدى، يۇيۇندى ھەتتا
كىچىلەردە ئاستا پىچىرلاپ،
سۆيۈشۈشتى ئايدا، تولۇندا.
قۇياش پارچىلىنىپ
ئايلاندى يۇلتۇزغا
ئاخىرىدا تۇپان بالاسى
ھەممە يۇيۇندى يۇرۇڭقاشتا[1]
ئۆتتۈز ئىككى چىش،

[1] يۇرۇڭقاش دەرياسى



www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز ئىككى يۈز
قوشۇلۇپ كەتتى
ئۇيغۇر تىلىغا.

2018 - يىل 24 - فېۋرال



www.uyghurkitap.com

# يېرىم ناخشا

تاغنىڭ سۆكۆتلىرى ماكان تۇتقان بىر شەھەردە
سېنى كۆتىمەن.
ھېچنېمە يوق
يوق ھېچنىمە، ھەممە يەر قۇرۇق

سەن كەلدىڭ
دېڭىز،
ئورمان،
شەھەر ھەممىسى قايىندى، تاشتى.

بۇ يەردە ئۈچىمىز بار ئىدۇق.
نە يالقۇنلۇق ناخشلار ئېيتىلدى
نە ئازاپلار داستانى،
بىز بىلمىدۇق



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەن كەتتىڭ
ھەممە قايتتى ئەسلىگە
يۇرۇكۇم سۇكۇتىنىڭ ئۆيى.
دۇنيانى باستى غېرىپلىق
بۇ شەھەردە
ئەمدى نە سەن، نە مەن
مەڭگۈ ھېچكىم يوق.

2018 ـ يىل 21 ـ ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# ئۆلۈمنىڭ ئىگىسى

بىر سەھەر،
قاناتلىق دەريا
نۇر ۋە يىغلاڭغۇ بۇلۇت،
بىر تال قەغەز پىروبىركا
ئەسىر بولدى تەسەۋۋۇرغا.

دېڭىز بويىدا
شەپەقكە قاراپ تۇرغان بالا
سىزدى، ياڭائاياغ بىر دۇنيا.

ئۇزۇن سوزۇلغان زېمىننىڭ قولى
ئوخشار ئىدى ئاددىي ناخشىغا.
بېلىقلار ئېگىزنى يۆلەپ
قىسىلغاندا شاۋقۇنلارنىڭ ئارىسىغا.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھېچنېمىسى يوق بۇ شەھەرنىڭ
ھېچكىم سىزالماس خەرىتىسىنى
كىچىككىنە بۇ بالا
ئايلانغاندا ئۆلۈمنىڭ خوجايىنىغا.

2018 ـ يىل 23 ـ ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

# ۋەھيي

خىرە بىر تەبەسسۇممۇ، مۇغەمبەرلەرچە كۆلكىمۇ
ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ بەزەن.
قاتمۇقات ئورنىنىۋالسىمۇ،
كۆزنى چىلىڭ يۇمۇۋالسىمۇ
ئەينىنى بىلىۋالىدۇ ھامان باشقىلار.
نۇرغا ئايلىنىپ
يىگىنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كەتسەم دەپ قالىمەن شۇنداق ۋاقىتتا.
ئەي،
چېقىلغان ئەينەك كەبى ئۇۋۇلۇپ كېتىدىغىنىنى ئۇنتۇغان ئادەملەر!
ئاخىرى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ بىرلا تىلدا سۆزلەيدىغىنىنىمۇ
بىلمەيدىغان بەغەرەزلەر،
سۇ ۋە ئادەمنىڭ چېتىشلىقنى ئويلاڭلار!
بىر كۈنى
زاۋال ۋاقىتىدا،



www.uyghurkitap.com

- قۇياش ئەمدى كۆتۈرۈلدى - دېگەن ئاۋاز بىلەن زۇۋانى تۇتۇلغان بىر قەلئەگە ئايلىنىپ كېتىسلەر.

2018 - يىل 1 - ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

## سەپەر

ئۈزۈك تۇيغۇلارنى يۇدۇپ
ئىككى قانىتىڭنى كەڭ كېرىپ
ئۇچتۇڭ ئۇ يەرگە
بىر تاش كەبى تىلەك ئاستىم بوينۇڭغا
سېنىڭ ئۈچۈن يېنىك،
مەن ئۈچۈن دۇنيادىن ئېغىر.
تەسەۋۋۇر قىلدىم ئۇنى نۇرنىڭ رەڭگىدە.

بىر كۈز يۇمۇلغاندا
بىر كۈز ئېچىلغاندا
يۇيۇنۇپ تارىنىپ چىقار ئەسلىرىم كوچىغا
ھەممە نەرسە ئۇنتۇلىدۇ
نە قۇياش،
نە ئالەم،



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نە ئىنسان، ھەممىسى غۇۋا بىر ئۆتمۈش.
پەقەت ۋە پەقەت
سۆكۈتنى يېپىنچاقلاپ
ھايات قالار مېنىڭ پەرىشتەم.

2018 - يىل 16 - ئىيۇل



www.uyghurkitap.com

# قۇياش رىۋايىتى

رىۋايەتلەر ئىچىدە رىۋايەت باردۇر.
يەر ئايلىنار، يېنىدا قۇياش
مەڭدىن ئاۋال بار ئىكەن
يىراق،
قايسى قايسىنى ئايلانسا يەنىلا ئوخشاش.
ھېچ بىلمىدىم،
سەنمۇ ئايمىدۇرسەن، مەن يەر شارى؟
ئايرىلىشقا ئەسلى سۆز يوقتۇر
ئۆتمەكتىمىز بىر نۇر كەبى پىرقىراپ.
ئېيتقىنا گۈلۈم؟
بىزنى بۇنداق تارتىپ تۇرغان
قايسى رىۋايەت، قايسى بىر پىراق؟



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شېئىر ۋە ئاياللار

ئۇيقۇدا بولمىسا بۇ يوللار
قۇترارمىدى بورانلار
بىر تەنھا ئەر
بىر تۇل ئايال
قوشۇلۇپ شىۋىرلىدى ئاسمانلار.
بۇ شېئىر ئۇزۇن يېزىلسا ئەگەر
ئالدىنىپ يۈرەرمۇ يەنە ئاياللار؟

2018 ـ يىل 6 ـ ئىيۇل



www.uyghurkitap.com

# ئىككىمىزنىڭ كۆزىدە

سېنىڭ ئۆچىرتىڭ بىرىنچى قۇردا
مېنىڭ ئىككىنچىسىدە
بارلىق باشلىنىشلار ساڭا مەنسۇپ دەپ ھەۋەس قىلىمەن.
سەن
مېنى ئاۋال كېلىدىغان پالاكەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ دەپ ھەسەت
قىلىسەن.
ئاقىۋەتتە مەنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمەن
ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن رازى بولمىغىنىدەك،
ھېچكىم ـ ھېچكىمگە قايىل بولمىغىنىدەك
ھېچكىم ـ ھېچكىمنى يېڭەلمەيدۇ.
مېنىڭ ھەۋىسىم ساڭا قاراپ
سېنىڭ ھەسەت ئوتلىرىڭ ماڭا قاراپ ئاقىدۇ.

تالاشقۇدەك ھېچنەرسە يوققۇ دەيمەن؟



www.uyghurkitap.com

ئەمما،

بەربىر.

ئەينى يولدا

ھايات كۆزىمىزدە ئاۋالقىدەكلا داۋاملىشىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۆلۈم

ئۆلۈم،
يېنىك چېلىنىدىغان مۇزىكا ئىدى بامدات نامازدا
ئورۇنلىغۇچىسى موماي ئىدى.

ئۆلۈم،
بىر توپ ئادەملەر ئىدى، بىلىگە ئاق باغلىغان
ئەگەشكۈچىسى دادام ئىدى.

ئۆلۈم،
ئاپئاق بۇلۇت ئىدى، ئاسماندا لەيلەپ تۇرغان
جايىنامازدا ئولتۇرغىنى ئانام ئىدى.

ئۆلۈم،
بىرتال گۈل ئىكەن ئەسلى
سەن يوق يەردە ئېچىلىپ تۇرغان.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دۇئا

قوللارنى ئېگىز كۆتۈرمەيمۇ
ئاۋاز چىقىرىپ ئايەت ئوقۇمايمۇ
كۆزلىرىمىزنى ھېچ يۇممايمۇ
بۈيۈك دۇئالارنى تاماملايمىز
كۆزلەردىن ياش تامچىراپ
ئۈنلۈك ئاۋازدا تازا يىغلاپ
بوغۇزلار يېتىمسىراپ
ئەڭ گۈزەل بەختنى ھېس قىلىمىز
ھېچكىم بىزنى تونىمىسۇن
ھېچ ئېسىگە سالمىسۇن
ئەمما بىز تۇيغۇلارغا ئىز سالىمىز
بىز بەخت ئەمەس ئازاپ يولى ئۈچۈن
ئەڭ بۈيۈك دۇئالارنى تاماملايمىز

2018 ـ يىل 20 ـ ماي



www.uyghurkitap.com

# رېئاللىقنى سىزىش

سېغىنىشتا
ئېگىزگە سوزۇلار قوللار
ھەۋەسلەرگە شاھىد
يورۇق يۇلتۇزلار.
ماۋزۇلارغا سوزۇلسا يوللار
نىشانلارغا ئاقارمۇ سۈپسۈزۈك سۇلار؟
كەلگۈسىنىڭ ھۆسنىدۇر خۇشپۇراق گۈللەر
ئازاپلارغا مىنگىشەر داپشاق بۇلۇتلار.
شۇ يوللاردا ماڭسام ئەگەردە
ئۈنۈپ چىقارمۇ بىر تاتلىق چۈشلەر؟
مەن ئويغانسام
ئۆلدۇ بارچە گۈزەللىك
سەن ئۇخلىساڭ تۇغۇلىدۇ ئۇلار قايتىدىن.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەپسۇس،
ئەپسۇس.
چوغ ئىچىدە كۆيەر رىئاللىق
بىر ئەما ئادەم ـ
بىر ئەما رەسسام
سىزىپ چىققان ئەينى گۈلزارلىق.

2018 ـ يىل 14 ـ ماي



www.uyghurkitap.com

# كارىدور

سېنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىردىم لېۋىڭگە
ئۇلار
بىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چۈشتى دېڭىزغا
ھېچكىم ـ ھېچكىمگە كۆرۈنمەس
بۇلۇتلارغا ئاي، يۇلتۇز قۇياشقا
سۆيۈشۈشكە يول بەرمەس تاغلار
رەت ـ رەت بولۇپ تىزىلدى بىر كارىدورغا
ئوڭ تەرىپىمدە ئوت
سول تەرىپىمدە سۇ
ئۆلۈم يوللىرىدىن قايتماقتا يوللار
سەن ۋە مەن ئۆلۈمنى خاتىرىلىگۈچى
كۈلۈپ تۇرۇپ بىزگە يۆلەندى ھەسرەت
ساگا قوللىرىمنى ئۇزاتقان بىر سەھەردە.

2018 ـ يىل 25 ـ فېۋرال



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

# سەھەرنىڭ تارىخى

بىلىمەن كۈن چىقمىغان بىلەن
ياكى سىنىڭدىن كەلمىسىمۇ بىر خەۋەر
بىز خوشلاشقان ئاخشامقى چۈشتىن ھەممىنى

بىلىمەن بىر سەھەرنىڭ باشلانغانلىقىنى
يۇلتۇزلار بۇ يەردىن يوقالسا ئاستا
سۆيگۈلەر قار بولۇپ، مۇز تۇتسىمۇ بۇ دۇنيا

بىلىمەن بىر تارىخنىڭ غېرىپلىقىنى
سەن ئامراق ناخشىلار
نوتىسىز غېرىپ بىر كۈيگە چېلىنسا ئاستا

يالغۇز سەھەر چىقتى كوچىغا
ئۇ پەقەت ماڭىلا دائىر



www.uyghurkitap.com

## سەن سىزغان قار گۈللىرى ئېچىلغان چاغدا

بىلىمەن بۈگۈن بۇ سەھەر
ساڭا ئوخشاش بۇ يوللار
گۈل ھېدى تولدى ئەتراپقا

بىلىمەن بۇ بىر سەھەرنىڭ تارىخى
سېنى يېزىشتىن باشلاندى ئاۋال
بۈگۈننىڭ يېشىمى ئەمەس ئىكەن قۇياشتا

سېنىڭ بىلەن بىر سەھەر بۈگۈن
ئىسمىڭ بىلەن بىر باھار تۈنۈگۈن
يەنە سېنىڭدىن باشلانغان ئىدى ئۆلۈشكۈن.

2018 ـ يىل 12 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شەنبىنىڭ تىلى

جۈمەدىن كېيىن كېلىدىغان بىر تۈننىڭ ئەتىسى
يەكشەنبىنى ئالدىرىتىدىغان بۈگۈندىكى سەھەردە
ھەممىنىڭ قەلبىگە لىققىدە قۇياش قاچىلىغان بىر يەردە
ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كىتاب سېتىۋالغان ئادەملەر
بۇ دەل
ھەممىمىز قەلبلەر كىتاب بولۇپ ئوقۇلسىكەن دەپ كۈتۈپ تۇرغان دەقىقىلەر
سەن كىتاب بولۇپ قالساڭ ھە
بىلەرمىدىم تىللىرىڭنى ئەي مەلىكە؟
بۇ يەردە
شاتلىقنى لەۋلىرىگە سىزغان تىللار
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۆيگۈ تىلەۋاتقان دىللار
مەغلۇپ بولغان ھەم خۇدىنى يوقاتقانلار
ھەمدە ئۆزىدىن كېچىشنى قىياس قىلىۋاتقانلار
دەل مۇشۇنداق بىر ئىستېلا قىلىنغان شەنبىنىڭ قارشىسىدىكى يولدا



www.uyghurkitap.com

تەختى راۋان قورشاۋىدا بەھوزۇر كېتىپ بارغان پادىشاھ
ئاتلارنىڭ بېشىدا جىرىڭلاۋاتقان قوڭغۇراقلار
بوگۇنىنىڭ تىلىنى يېزىپ ئۆتمەكتە.

دېكابىردىكى قاقاقلاپ كۈلگەن قار
ئۇنىڭ قەلبىمدىكى يالغانچى ئاۋازى.
دۇنيا سېنىڭ ئوقۇشۇڭنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆتكۈنچى باھار
خۇددى سەن بۇ يەردە مەۋجۇت بولغاندەكلا
قېلىن كىتابتىكى يالىڭاچ تارىخ دەرسى
بىزەڭلەرچە ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرماقتا
مەن يوشۇرۇنماقچى بولۇپ يول ئىزدىدىم ئاستا
شەنبىنىڭ ئاخىرلاشماقچى بولغان دەۋرىدە.
ئاھ، نەقەدەر ئازاپ ئىش بۇ
يوشۇرۇنۇشقا يەر تاپالماي قالغان كۈندۈزلەر
ئاجرىششنى كۆزلەۋاتقان تىلىمدىكى ئېغىر جۈملىلەر
مەندىن كىملىك سوراۋاتقان سوغۇق كوچىدىكى مەجنۇن دەرەخلەر
كوچىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان مەستخۇش ناخشىلار
تونۇش قەھۋە پۇرىقىدەك نەپەسلەرنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە.
دەل مۇشۇ زاماندا
ئەرلەرنىڭ كۆزىدە ئوقۇلۇشنى كۈتۈۋاتقان ئاياللار



www.uyghurkitap.com

مەستخۇش ھېدلاردىن بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان سوغۇق قان ئەركەكلەر
ئايالللاردىن قاچۇرغان كۆزلىرىدە كىتاب ئوقۇماقتا.
بۈگۈن شەنبىنىڭ تىلى قانايدىغان كۈن
بۈگۈن شەنبىنىڭ ۋىدالىششى دەۋرى
بۈگۈن شەنبىنىڭ تىلى يوقىلىدىغان كۈن
مەن ئېغىر خۇرسىنىپ قولۇمدىكى كىتابنى چۆرۈپ تاشلىدىم
ئارقىدىنلا يەكشەنبىنىڭ يۈيۈنۈش پىلانىغا قاراپ چاپتىم
خۇددى سەن مېنى ئۇنتۇمىغاندەك
شەنبە تۈنۈگۈننى ئېسىدە ساقلىغانمىدۇ؟
ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزى بىلىدىغان تىلى بولغىنىدەك.
ھەممە سۆيۈشنىڭ ئۆزگىچە مۇزىكىسى ھەم ئازابى بولىدىغاندەك
بىزنىڭ تىلىمىز قايسى كۈنلەرگە مەنسۇپ بولغىيتى؟

2017 - يىل 8 - دېكابىر



www.uyghurkitap.com

# ئاۋازدىكى سىر

ئاخشامدىن سەھەرگە قەدەر
مەغرىپتىن مەشرىقكىچە
بىر ئاۋازنىڭ يالقۇنىدا ئۆرتىنىۋاتقان ئەر،
سىنىڭ كۆتكىنىڭ
سۆزۈلىۋاتقان مۇساپە
قولۇڭنى تۇتۇپ دەريادىن ئۆتكەن،
سۇدىن قورقىدىغان.
سىنى سۆيگىنى ئۈچۈن
سەندىن بىزار بولىدىغان،
غەزەپلىنىپ ياقاڭنى سىقىپ
ئارقىدىنلا لېۋىڭگە سۆيىدىغان
سىنىڭدىن قۇتۇلمەن دەپ
نامىزىدا دۇئا قىلغۇچى قەيسەر ئايال.

2017 ـ يىل 2 ـ ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئانام

ئەينى كېچىدە
ئەينى يەردە
ئەينى سائەت
ھەر كۈنى،
تەكرار ۋە تەكرار
ئانام چىقىپ كېلىدۇ
قىزىمنىڭ كۆزىدىن.

2018 - يىل 26 - ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

# سېغىنىش

سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن سېغىنىمەن
ئۆزۈمنى مىڭ رەت ئۆلتۈرىمەن
پارچىلانغان تەننى توپلاپ
قايتىدىن سېنى سىزىپ چىقىمەن
شۇندىن كېيىن
سېنىڭ ئۈچۈن
كۈن ۋە تۈنگە ئايلىنىمەن.

2018 ـ يىل 29 ـ ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەجەل

تۇنۇگۇنگە قاراپ
ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ھېس قىلىمەن

بۈگۈنگە قاراپ
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىمەن

ئەتىگە قاراپ
مېنىڭ ئاجىز كۆزلىرىمنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن

ھەممىسىنى يىغىپ قىياس قىلىمەن

ئۆزۈممۇ قورقىمەن

2018 ـ يىل 1 ـ نويابىر



www.uyghurkitap.com

# جەنۇپ

سەن ئۇخلاشتىن ئاۋال
ماڭا بىر سۆز ئېيت،
مەن ئۇنى كېچىچە قۇچاقلاپ چىقاي
تاڭ ئاتسۇن.
ئاندىن،
مەن ئۇخلاشتىن ئاۋال ساڭا مىڭ سۆز ئېيتاي
سەن ئۇنى،
كېچىگە مىڭ قېتىم ئۆتكۈزۈپ
ئاخىرىدا،
بىرتاللا ئېپقال
كۈن پاتسۇن شۇندىن
مەن ئۇنى جەنۇب دەپ ئاتاي

2018 ـ يىل 3 ـ نويابىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# جىنايەت

ئۆزۈمنى ئىزدەپ
باقىمەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن
تارىخنىڭ ئەينەكلىرىگە.
نۇر ياكى غۇۋا شولىلار
ھەممىسىگە ئوت يېقىپ
ئۆزۈمگە قايتىمەن.

بۇ بىر تەلۋىلىك، بەلكىم جىنايەت.

روھىمدا
سەن بىلەن قايتا تىرىلىشنى خىيال قىلىمەن
بىرلا تىل بار، پەقەت ئىككىمىزلا بىلگۈچى
ئاشۇ تىلدا ئەتىگە داستان يازىمەن

2018 - يىل 12 - نويابىر



www.uyghurkitap.com

# شېئىر

ئازاپ ئېچىلغان ئەتىرگۈلۈم
تاشقا ئويۇلغان،
قۇرىغان دەريا.

يىراق يېقىنلىقى نامەلۇم
ئاقلىقنى ئىزدەيدۇ،
ئىسنىڭ رەنجىدە قارايغان تۇرخۇن.

شېئىر ساڭا ئوخشار،
ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا كېلەر
سەن قونغان يەردىن.

سەن كەبى چاقنايدىغان نۇر
مېنى تەنها قالدۇرۇپ
سۆيۈپ قايتار بۇ كېچىلەردىن.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# زامان ياپراقلىرى

نېمە قىلىۋاتقانسەن؟
يوللارنى بوشۇككە بۆلەپ،
ۋاقىتنى ئۇخلىتىپ قويۇپ.

قىستاڭ يوللاردا ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ؟
ماشىناڭنى ھەيدىگىنى كىم؟
شوپۇرۇڭنى كىم دەپ قىياس قىلدىڭ؟
قاپسىلىپ قالغان ۋاقىت بەكلا ئۇزۇن بىلىندى؟
يەنە ئۆيگە قايتىشنى خىيال قىلغانسەن؟
ئۇ ياخشى تۇردىمۇ؟
ئۇلارچۇ؟
مەنمۇ دەل سەندە،
خىياللىرىڭنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدە
سەندىن ئىلدامراق كېلىپ سېنى ساقلاۋاتىمەن



www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە ھاۋا بۇلۇتلۇق، ئەمما كۆڭۈللەر ئوچۇق
ھەممىسنى سەن دەپ پەرەز قىلىۋاتىمەن،
سېنى يەنە بۇ شەھەردە قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمەن؟
ئېيتقىنا ئەمدى سېنى كۆرمەكنىڭ زامانى كەلدىمۇ؟

2018 ـ يىل 19 ـ نويابىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەلگىسىز نوتىلار

A

لاللەر
ئاي نۇرىدا مىندى كېمىگە
شولىسى چۈشتى
يار دەملىگەن چاينىڭ لېۋىگە

B

يوق ئىدى
ئۇ كېچىدە تۇرنىلار.
قانات قاقتى يارسىز بولۇتلار

C

نەي ئاۋازى سۇغا يامىشىپ
سىزىپ ئۆتتى زامان يۈزىنى،
بىز ئۇنتۇدۇق تىراگېدىيەنى



www.uyghurkitap.com

D

بارلىق ئىدىيەلەر ھەم يالىڭاچ دىئالوگلار
قاراڭغۇلۇقتا ياتماقتا
ئىككىمىزنىڭ كوچىسىدا

E

تۈنۈگۈن،
بۈگۈننىڭ ھارپىسىدىكى بىر قۇياش
ئۇۋۇ - ئۇۋۇلاشقا چىققاندا تاغقا
يېتىم بىر مىسرانى قالدى ئۇچرىتىپ

F

ئامان بولغىن دېدىم مەن
ئامان بولايلى
تاغلار كۆچتى قەھ - قەھ ئۇرۇشۇپ

G

بىز
مىڭ يىل ئاۋۋالقىدەكلا ياش،
مۇھەببەتتە ئويغاندۇق باشتىن.

2018 - يىل 27 - نويابىر



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاشىقلار مۇزېيى

ھەركۈنى قايتىلىنىدىغان بىر پەردىلىك ئوپېرا
قىيسايغان كېمىلەر ۋە قۇرۇغان دەريا
قايتىلاپ يېزىلغان نوتىلار چۆرۈلۈپ تاشلانغان ئەخلەتكە
يېرىم چېكىپ تاشلانغان تاماكا قالدۇقى
ساڭا قىياس لاتا قونچاق
يىغلامسىراپ تۇرغان يېرىق ئۇستەل
سېنى بار دەپ قىياس قىلغان بوش ئورۇندۇق
ھەر كېچە سەن كېتىشتىن ئاۋالقى چۈشۈلگەن يوتقان
سەھەر پەيتىدىلا تۇيۇقسىز غايىپ بولىدىغان سەن
چىلىك ئېسىپ قويۇلغان ئىشىكنىڭ ھالقىسىغا

2018 - يىل 3 - دېكابىر



www.uyghurkitap.com

# تىلەك

ئامان بول كۆڭۈلدە كۆكلىگەن ئاسمان
خەير ـ خوش مەۋھۇملۇق دەۋرىدىكى تاغ
يىراق قال ھىجراننى سۆرىگەن سائەت
كۆكلىگىن ئارماندا يۇيۇنغان تۇمان

غايىپ بول ۋەھىمە قاپلىغان يوللار
يېنىكلە مۇشكۈلدە سىزىلغان ھىجران
قايتۇرغىن مېنىڭگە ئۆزۈمنى ئاستا
ئامان بول سۆيگۈنى تېرىغان جانان

2019 يىل 1 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تىل

بىلمەن گۈلۈم
ئاسماننىڭ تىلىنى
دەريانىڭ تىلىنى
گۈللەرنىڭ تىلىنى
ئىنساننىڭ تىلىنى
ھەممىنى
سېنىڭ تىلىڭدىن باشقا
ھاياتتىكى بىر قۇش ئىدىم
ئايلاندىم شۇئان
ئالدىڭدىكى تىلسىز تاشقا.

2019 يىل 11 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

# خوشلىشىش

رېلىسلار سوْيوْشوْپ،
شامالّلار يوللار بىلەن گىرەلىشىپ
نىشان قوللىرىنى ئۇزۇن ئاچقاندا
كۈلگۈنچەك بىر تاش سۈكۈتكە چۆمدى.
جۈپ بۇلاق ئاستا پىچىرلىغاندا
ھېچنېمە بولمىغاندەكلا
قايتىلىنىدىغان كالېندار ئېغىر چامدىنىنى سۆرەپ
مەن تەرەپتىن سەن تەرەپكە
ئاستا سۈرۈلدى.

2019 يىل 30 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

## قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئىككى كۆزۈڭ ئارىسىدا:
ھەسرەت يۈكلىگەن بىر تال كېمە بار.
ئۈزۈپ كېلەر تىلىڭ ئاستىدىن

ئىككى سايە تاغلىرىدا
يوشۇرۇنغان تۇمەنىڭ ھەرپ
ھۇجۇم قىلار بۈيۈك ئورمانغا.

ئىككى لەۋىنىڭ تارىخىغا
قىزىل رەڭلىك قار ياغقان كۈنى
قېتىپ قالدى باھار دېگەن خەت.

ئاھ سېنىڭدە ئىككى قوۋۇرغا
تىنىپ كەتكەن ياۋايى ئورمان



www.uyghurkitap.com

## يوشۇرغانمۇ تۆمەنمىڭ ئەرنى؟

جۇپ رەڭلىك ساناق سانلار
دەريا، ئاسمان، پايانسىز تاغلار
سىزىپ چىقتى بويتاق بىر قىشنى

سەن بىر ئايال ئاندىن ئەزرائىل
مېنى سۆيۈپ، مېنى يوق قىلغان
ئەڭ شېرىن ئەپسۇنىڭ بىلەن

مەن تەنها كېمە،
كۆيگەن قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەن.

2019 - يىل 7 - يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۈتۈپخانا

ئۆزۈمنىڭ كىملىكىدىن قىياس قىلغاندا روھىمدىكى بەتلەر ئاستا ئوقۇلىدۇ
مەن مەندىن كەتكەن بولۇشۇم ئېنىق
يېنىمدا ھېلىھەم بىر تال بوش ئورۇندۇق
ۋاراقلىنىۋاتقان ئادەملەر خاس نومۇرلىرى بىلەن رەتلىك تىزىپ قويۇلغان.
نە ۋاراڭ - چۇرۇڭ
ياكى يالقۇنلۇق ناخشا
بەزىدە ئازاپلار
قېلىن پەلتوسىنى ماڭا كىيگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.
بەزىدە ئۆزۈمنى بەتمۇبەت،
قۇرمۇقۇر ئىزدەپ چىقىمەن
نەچچە قەۋەت سېلىنغان بۇ بىنانىڭ ئۈستىگە،
دېڭىز سۈيى ئاستا يامىشىپ چىقىدۇ
بۇ يەردە ھەممە نەرسە يۈز بېرىدۇ
ئاندىن ئاستا جىمجىتلىقنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ



www.uyghurkitap.com

بۇ زاماندا پەرەز قىلىنغان ھەم قىياس قىلىنىشقا پېتىنىلمىغان
تاسادىپىيلىقلار ھەر زامان مەۋجۇت بولىدۇ
ئۇلار ئاستا ـ ئاستا مەندىن يىراقلاشسا
كۈندۈزى مېنىڭدىن قاچىدىغان قىز،
ناماز شام ۋاقتىدا مېنى باغرىدا ئولتۇرغۇزىدۇ
سائەت يەتتە
ئەمدى ئىشتىن چۈشۈشنىڭ پەيتى
روھىم ئۇ يەرگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

2018 ـ يىل 15 ـ فېۋرال



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# درامما

ئوقۇرمەنلەر تازا ۋارقىرىسۇن
پېرسوناژلار ئارام ئالغاندا
بۇ دۇنيا ماڭا قالسۇن
ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاران يېزىپ چىققاندا
بۇ بىر زوراۋانلىق بولسىمۇ
سۇنىڭ ئېقىشىدىن ئاخىرى توختايدىغىنى ئېنىق
ئادەملەر شېغىل تاسقاپ قايتقاندا
ھەممىنى ئۇنتۇپ راھەت بىر يۇتۇم قەھۋە ئىچسەم دەيمەن.
بارلىق دراممىلار ئاخىرلاشقاندا
بىر توپ ئاشىقلار ۋىدالىشىۋاتاتتى.

2018 - يىل 17 - فېۋرال



www.uyghurkitap.com

# ھايات

ئايالنىڭ ئىچىدە ئايال
مۇزىكىنىڭ ئىچىدە مۇزىكا
دەرتلەرنىڭ لېۋىدە مىڭ دەرت
شۇنداق داۋاملاشماقتا بۇ ھايات
خۇددى
مۇزىكا چېلىۋاتقاندەك بىر ئايال

2018 ـ يىل 26 ـ فېۋرال



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# مىڭ يالغان

دۇنيا يالغاندۇر، كۆنلەرمۇ يالغان
كۆيلەريالغاندۇر، نوتىسى يالغان
قىزلار يالغاندۇر، مۇھەببەت يالغان
دېيىشتى ھەممە يالغان دۇنيا بۇ
يالغانلار دائىم بىزنى قورشىغان
پەقەت ئىككىمىز
سەن ۋە مەن
شۇ يالغانلاردىن راستىقا ئايلانغان

2019 ـ يىل 5 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

# شائىر

تاغلار مەس بولۇپ سۆزلەر ھەركۈنى
سۇلارنىڭ ئۇسۇلىدىن توختىماس ئەسلا
بۇلۇتلار،
ئازاپتىن دەرت ئېيتىپ يىغلار
ئەسكە ئېلىپ مەشۇقىنى
تەنھالىق دېڭىزىدا ئۈزۋاتقان ئەر
ھېسابلىماقتا خالتىسىدىكى يۇلتۇزنى
ھېس قىلىۋاتىمەن
ئازاپنىڭ پويىزىغا تەنھا مىنەمدۇ بۇ شائىر دېگىنى.

2019 ـ يىل 1 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# ئاخىرقى ئايال

سەن بىر ئايالغا تەئەللۇق بولغان مۇھەببەتتە ياشىدىڭ
بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىسقا ھېكايىدەك.
«سۆيەمسەن» دەپ ـ سوراشتىن باشقا
يىغلىغاننى،
ئازاپنى ھېچكىم كۆرمىگەن.
بۇ قانداق زامان؟
ئۆتكەن كېمىلەرگە ھەسرەت قاچىلايدىغان،
ئۇنى يۈك كېمىسى دەپ ئاتايدىغان؟
مېنىڭ
ھېچكىمنى ئويغۇتۇش مەقسىتىم يوق،
ئەمما بىلىمەن،
مۇھەببەتنىڭ پەسىللەرنى ئويغىتىشى
ئېنىق.
نە چۈش كۆرگەن تاغلار،



www.uyghurkitap.com

نە قىشتا ئېرىيدىغان ياشلار،
ھېچ نەرسە بۇگۇنىنىڭ ئەسلىدە كۆيمەس.
دەل شۇ چاغدا:
تارىخ يېزىلمىسۇن،
ھېچنېمە قالمىسۇن،
ھەممە ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن،
قالىدىغىنى پەقەت مۇھەببەت ـ دېدى كوچىدىكى ئەما بوۋاي.
بەلكىم بۇمۇ توغرىدۇر
ياكى سېنىڭ ئۈمىدىڭ شۇدۇر
ئېيتىپ باقتىڭمۇ بۇ جۈملىلەرنى ئۈچىنچى شەخس تىلىدا؟!
ھەممە سۇنىڭ بىر ئەكسى بار،
بارلىق شەيئىلەرنىڭ بۈگۈنى ۋە يوپيورۇق ئەتىسى بار،
خۇددى تاشپاقىنىڭ دائىم دۈمبىسىدە ئېلىپ يۈرىدىغان بوپىسى بولغىنىدەك،
مۇھەببەت ۋە ئازاپ
كۆز يۇمۇپمۇ ئاجراتقىلى بولمايدىغان قوش كېزەكلەر.

بۇ يىل قار قېلىن ياغدى،
قارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگىنى يەنىلا خوشلىشىشنىڭ ئازاپلىق نوتىلىرى،



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن بىلىمەن،
دەل مۇشۇ سائەتتە
رەتسىز ئۆيۈڭنى ئادەتتىكى بويىچە تۈجۈپىلەپ تازىلايسەن،
توختىماستىن تەكرارلايسەن،
كۈتىۋاتقانىسەن،
ھەم ئېيتىلگەن ئىشكىتىن ئۇسۇپلا كىرىپ كېلىدىغان بىرىنى.
ھەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان بۇ خىل دەقىقىلەردىن بەكلا
چارچىغانىسەن؟
ئېيتقىنا ئەي ئايال،
ئۆزۈڭمۇ بىلمەيدىغان بىرىنى كۈتۈپ قايسى شاتلىققا
ئېرىشمەكچىسەن؟
يۈگرەپ كوچىغا چىقتىڭ
ئەمدى قاياققا قېچىپ قۇتۇلماقچى سەن؟
ئۇ كوچىلارنى تۈمەن رەت كەزگەن
ئۇ كوچىلاردا نىشانسىز يۈرگەن
ئۇ يوللارنى چەكسىز خىياللارغا كۆمگەن.
مەن بىلىمەن
سەن سۆيۈش ئۈچۈن قاچماقچىسەن؟
يىراقتىكى ئۆزۈڭنى بەكمۇ سېغىنماقتىسەن،
سەن سۆيۈلۈش ئۈچۈن كۈتمەكچىمۇ سەن؟



www.uyghurkitap.com

مەن ئاچچىق سىگارت چەكمەكتىمەن
ئاندىن ئاستا ـ ئاستا كۆيۈپ تۈتۈنگە ئايلانماقتىمەن.
دېرىزەڭنى ئېچىپ كۆكلەرگە قارا!
تەنھالىق كوچىسىنى يىتىلىۋالغان مەن كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولىمەن
سەن ئاخىرقى ئايال سەن
ئەمما، مەن ئاخىرقى ئەر ئەمەس.

2019 ـ يىل 20 ـ يانۋار



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# رىلىس

(1)

سەن، لىقلانغان شاراپ ئەسلىدە
مەن، بىر مەيخور ئىچىپ قانمىغان
ئۆزۈمنىڭ دەردىدە تەنھا كۆيۈكمەن
قەدەھتۇرمەنكى،
ھەسرەتتىن سۇنغان.

(2)

يوللار قارشىدۇر نىشانلار ئارا
ئايرىغان بىزلەرنى ئوك ۋە سولىغا
كېچىنىڭ دېڭىزىغا ئۇرىمىز پالاق
بېلىجانلار ئۆلىدۇ ئۇندا
ئاھ، كېچىگە مەھكۇم بۇ چۈشلەر.



www.uyghurkitap.com

(3)

رېلىسلار كېسىشمەي كېتىپ قالىمىز
خوپ بولدى دەيمىز
يولدا كۆزىمىز.
ئېيتقىنە،
بىرتال گۈلگە تەشنا ئايالدەك
قايسى تاغدا سۇرگۈن ئىشقىمىز؟

(4)

بىز يىللاردەك قېرىپ كەتمەيمىز
بالىلىققا قايتىۋاتىمىز.

2018 - يىل 14 - فېۋرال



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# سىما

تاغدىن ئاۋال،
نۇردىن بۇرۇنراق،
كېلىدىغىنى جىمجىت ئورمانغا
سىنىڭ ئاۋازىڭ،
نەپەسلىرىمدىكى.
نەپەسلىرىڭدە گۈزەل ئورمانلىق،
ئاي ئوردىسىنىڭ ئاخىرقى چۈشى
سىنىڭ سىمايىڭ
قارچۇقۇمدىكى.

مەۋجۇتلۇقۇمنى سىنايمەن ئاندىن
كۆزلىرىمنى ئاستا يۇمۇپ،
سىنىڭ كۆكسۈڭدە
ئاھ، مىنىڭ زىمىنىم!



www.uyghurkitap.com

# ئالداش دەرىخى

بېغىمىزنىڭ ھېچ پاسىلى يوق
قورشاۋلار تەسىر قىلمايدۇ.
چۈشلەرنىڭ مەۋسۇمى بولمىغاندەك
ئەر ۋە ئاياللىنىڭ نۇرغۇن ئوخشايدىغان يەرلىرى بولغىنىدەك.
ماگنىتلىق قۇتۇپلارنىڭ سېزىمى يوقالمايدىغاندەك
بەلكىم ئۇ بىر پەسىلسىز زامان
بىر تال دەرەخ تىكىلگەن باغچامغا
ئەڭ نازۇك ھېسلاردىن
ئەڭ شېرىن تۇيغۇلاردىن
رېئاللىقتىن قېچىپ يىراققا.
سۇ كېرەك ئەمەس
ھاۋا لازىم بولماس
تىنىقلار ھېچ تۇيۇلماس
ھەممىسى ئايان بولار شۇ تىكىلگەن بىر تال كۆچەتتىن.
قاچان تىكىلگەنلىكىنىڭ ۋاقىت سائىتى ئېسىمدە يوق



www.uyghurkitap.com

قاچان ئۇنۇپ دەرەخ بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچ ھېساۋىتىم يوق
مەزمۇت،
چىدامدان،
سۈكۈتكە چۆمگەن
ئايىغى چىقماس سوئالغا ئەگىشىپ قالغان پەيلاسوپتەك
سوغۇققان،
سەۋرچان،
ئىنتىزار،
ھەۋەسچان بىرسىنى كۈتەر،
ھېچ خىيىم - خەتەر خىيالىدىن كەچمەس
ئەخمىقانە خىيال ھەققىدە ھېچ چۈشەنچىسى يوق
تۇغۇلغاندىن ھازىرغىچە ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرەر.
كىمنىڭ ئاۋال تەرەددۇت قىلغىنىنى ئېنىق ئەمەس
بۇ خۇددى تۇيۇقسىز كەلكۈن كەلگەندەكلا بىر ئىش.
بىلدۇق بىز،
ياشىماقتىن مۈشكۈلكەن كۈتۈش.
شۇ دەرەخنى تىككەندىلا،
ئۇنىڭ يالغان سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىمىز
ئەمما ۋاز كېچىشەلمەيمىز
توختىماستىن چۆرگىلەپ ئايلىنىمىز
مەڭگۈ ئۇچراشمايمىز



www.uyghurkitap.com

يەنىلا ئۆمىدنى،
كۆزىمىزنى ئۈزمەيمىز
مەڭگۈ شۇنداق ئۆتۈشكە رازى بولىمىز
بەلكىم،
بۇ دەرەخنى مەڭگۈلۈك يادنامە قىلىمىز
بىر كۈنلەردە
بىر زامانلاردا
بىر تۈپ دەرەخ يىقىلغاندا
هايات بىلەن خوشلىشىمىز
ئاندىن مەڭگۈ يادلىنىپ قالىمىز.

2019 ـ يىل 25 ـ مارت



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاشىقلار شەھرى

بىزنىڭ ھېكايىمىز ئۇزۇن بىر ھېكايە
سەن يازماقچى بولساڭ
مىڭ بەت قىلىپ
مەن يېزىپ قويىمەن بىر بەت قىلىپ،
بىز بۇ شەھەردىن كۆچكەن شۇ كۈندە
ئۇزۇلۇپ قالدى مېنىڭ خاتىرەم.
سەپەرگە چىقتۇق،
مۇزدىن يېزىلغان ھېلىقى ئاخشام
پۇتلىشىۋالاتتۇق
چېگرالارنىڭ توساقلىرىدا،
ئىنسانلارنىڭ چېگرا بىلەن ئۆزىنى قاپساشلىرىدا،
ئوقۇلمىغان ھېكايىلەرگە.
قۇش بولۇشنى خىيال قىلاتتىم
سەھرادا ئۆسكەن باللىقىمدا
بوگۈن قۇش بولۇپ ئۆملەپ يۈرەتتىم تۇتۇلغان ئەسىر كەبى



www.uyghurkitap.com

شاۋقۇنلارنىڭ ئاۋازى ئاسماندا،
ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى قۇياشتا ئىدى سىزنىپ ئۆلگۈردى
ھېكايىمىزنى ئىگىز تاغلار،
سۆيۈشكىنىمىزدە جۇدۇندا قالدى
جىمجىت ئورمانلار،
ۋاقىت كېمىلىرىدە سىقىلىپ قالدى
بىز سىزىپ ئۆلگۈرمىگەن، سۆزلەپ ھەم ئۆلگۈرمىگەنلەر.
ھېكايىمىز توختىماستىن رىلىس ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى
ھەم توختاۋسىز مېڭىۋاتاتتى
بىز ئاخىرى بۆسۈپ چىقتۇق
بۇ تاش شەھەردىن.
شۇندىن بۇيان،
دەرۋىشكە ئايلاندۇق
ۋاقىتنى قۇياش بىلەن ئۆلچەيدىغان.
يىللار بىزنى قەستلەپ ھارمىدى،
كۈنلەر،
تۈنلەر ئارىسدا چايقىلىشتىن جان ئۈزمىدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پارىژدا ئۇيغۇرچە سۆزلەش

بىز،
ئۇيغۇرمىزدىكى ئاچارچىلىقتا،
مەۋجۇدلۇقىمىز،
يىراقتىكى مىسكىن ئاۋازدا
تارىخنىڭ دەرسىنى كېسىپ ئۆتتى رەستىلەر ئارا.
قۇياش نۇرى ئانى تاپتى مېنىڭ جىسمىمنى،
سېنا دەرياسى - يۇيۇپ چىقتى روھىمنى
سەنئەتنىڭ بۈيۈكلۈك دەۋرى
ھەققانىيەتنىڭ دار ئالدىدىكى چۈشى
سىزىلغان يوللار.
موميادەك قاتۇرۇلغان ئىگىز بىنالار
سەلتەنەتنىڭ تاشقوراللار دەۋرى
گۈل رەڭگىدە سۆزلەيدىغان كوچىلار.
يالىڭاچلانغان مۇھەببەت
قانلىق ھەم شانلىق تارىخقا شاھىد مۇزېيلار.



www.uyghurkitap.com

ئىگىزلىكىدىن شۆھرىتى بۈيۈك مۇنار
تاش كېسەككە ئايلانغان زەپەر دەرۋازىسى،
مەن ئۆچۈن چۈشتەكلا
ناتونۇش تىل،
ناتونۇش شەھەر،
ناتونۇش ئاسمان،
ناتونۇش بۇلۇت
ئىشقىلىپ، بارلىق ناتونۇشلۇقنىڭ ھەسرىتى
مېنى يىراق تەكلىماكانغا ماڭاتتى سۆرەپ.
دېڭىزغا ئايلانغان ئادەملەر
ئادەمگە ئايلانغان دېڭىز
تىللارنىڭ قورشاۋىدا قالغان بىز،
تەنھالىقنى پارچىلاپ تاشلىدىم بۇ شەھەردە
قىنتئەلەر،
ئىرقلار،
دىنلار ئاقماقتا گىرەلەشمە جەڭ بولۇپ.
كوچىدىكى ھىجاپلىق ئايال،
ئۇنىڭغا يانداش يالىڭاچ تەنلىك چىرايلىق ئايال
سوئال ۋە سوراق،
ھەسرەت ۋە ئازاپ،
بەخت ھەم بەختسىزلىك جىپسىلاشماقتا بۇ يەردە.



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

مەن مۇساپىر بۇ شەھەرگە ،
شەھەر مۇساپىر مېنىڭ ئۆيۈمگە.
مۈرەككەپ بىر ئازاپلىق تۇيغۇنىڭ قارشىسىدا
روھىمنى ئىزدەپ كىتىپ قالدىم
ساماۋى چۈشلەردە تەكلىماكانىغا.
بۈگۈن بىز بۇ يەردە ياشاۋاتىمىز
ھاياتنىڭ تەڭلىك تارازىسىدا
پارىژ قەدىملىكنىڭ يېڭى تېگى
بۈگۈننىڭ قايتىلانماس قەدىمى يولى.
ئاقىۋەت.
مەن بارلىق قورشاۋلارنى بۆسۈپ چىقىپ
ساناشنى باشلىۋەتتىم ئېيففېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ پەلەمپىيىنى
مېنىڭ ئانا تىلىم
مېنىڭ جان تىلىم
مېنىڭ قان تىلىم ئۇيغۇر تىلىدا.

2013 ـ يىل 8 ـ ماي ـ پارىژ



www.uyghurkitap.com

# سۈت سېغىش

سېھىرلىك دەرەخ،
قوشاقچى قۇشلار،
ئۇسسۇلچى قومۇش
سۈكۈتتە مۇڭغا چۆمگەن سەھرا،
كۈتۈپ تۇرىدۇ ھەممە پەرىشتە ئانامنىڭ دۇئاسىنى
تۇرخۇنلاردىن قىيپاش چىقىۋاتقان ئىس
سۆزلەپ ئۆتمەكتە كۆيۈپ كۈل بولۇشنىڭ ھېكايىسىنى
سۆيۈملۈك ئانام،
ھەر سەھەر بامدات نامىزىدا ياراتقۇچىغا يېقىن يەردە تۇرۇپ
ئېسەدەپ يىغلاپ:
مەغفىرەت تىلەيدۇ ـ
يۇرتىنىڭ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان بارلىق گۇناھلىرىدىن
دۇئا قىلىدۇ
دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىلدا
ئاندىن قويۇپ بېرىپ بەش يۇلتۇزنى ئاستا پىچىرلايدۇ:



www.uyghurkitap.com

«يورۇتۇڭلار ئاسماننى، تۇن بولمسۇن سەھرادا»
ئاتمىش بەش باھارنى ئۆتكۈزدى ئانام ئولتۇرۇپ كۆكلىتىدۇ
زىمىستان قىشنى ياشنىتىدۇ قەلبىدە يازنى،
باللار ئاڭلىماس بولدى چۆچەكلەرنى
نەۋرىلەر ئۇنتۇپ كەتتى ئۇچار گىلەمنى
ھېچكىم بىلمەيدۇ قېتىق ۋە مۇزنىڭ ھېكايىسىنى.
ئانام سۈت ساغىدۇ ھەرسەھەر
سۆزلەپ بەرگەچ ئالا ئىنەككە رىۋايەتلەرنى
ئانام ئالا ئىنەكتىن ساغىدۇ سۆيگۈ
ئالا ئىنەك قايتۇرىدۇ ئەقىدىسىنى
سۈتتىنمۇ ئاق قەلبى بار ئانام سۈت ساغىدۇ
ھاياتنى باشلاپ كېلىدۇ ھەركۈنى
ئۆزگەرمەيدۇ بۇ ھېكايىسى پەقەتلا
ئاغرىپ تۇرسىمۇ پۇتلىرى
سىيقىرىسىمۇ بەللىرى
كۈلدۈرىدۇ كۈندە باھارنى.
ئانام ماڭا يىراق بىر يەردە،
مەن ئانامغا ناتونۇش ئەلدە
مېنىڭ نەزىرىمدە ئانام خۇددى سۈت سېغىش ئۈچۈن تۇغۇلغاندەكلا
ئانام،
دۇنياغا باقىدۇ



www.uyghurkitap.com

سۈتنىڭ رەڭگىدە،
دۇنيانى قىياس قىلىدۇ سۈتنىڭ رەڭگىدە
ئادەملەرنى تەسۋىرلەيدۇ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئەسلىدە
ئانام سۈت ساغىدۇ ماڭا يىراق بىر يەردە
ئانام سۈت ساغىدۇ كۆڭدە سەھەردە
ئامانلىق، ئېسەنلىك تىلەپ پۈتكۈل ئالەمگە.

2016 ـ يىل 7 ـ ئاي كېرىيە ـ لايسۇ



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پادىچى بالا

ئۇ زامانلار
مەھەللەمدە ھەر كۈنى سەھەر
بىرتوپ كالا ئوتلاپ يۈرەتتى
پادىچى بالا مەھەللىدىن يۇگۇرۇپ ئۆتەتتى.
مەن بەزىدە ئۆزۈمنى پادىچى،
بەزىدە پادىچى بېقىۋاتقان كالا دەپ خىيال قىلاتتىم.
ئۇ زامانلاردا،
پادىچى باللار ۋە بەك كۆپ كالىلار بار ئىدى
سەن يوق ئىدىڭ.

ئەمدىلىكتە
نە ھېلىقى پادىچى
نە ھېلىقى پادىلار يوق.
ئەمما سەن بار بولدۇڭ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا
مەن يىراقتىن سېنى كۈزىتىدىغان ئىككى كۆزگە ئايلاندىم.



www.uyghurkitap.com

# رەسسام

ئۇ كۈنى
دېڭىزدا چاقناپ تۇرغان قۇياش بار ئىدى،
دۇنيا ئۇيقۇدا
دېڭىز تىپ - تىنچ ئىدى
يەلكەنلەر خىرامان كېزىپ يۈرەتتى.
رەسسام رەڭ ۋە سىياھلىرى بىلەن
ئاسماننى بۇلۇتلۇق، دېڭىزنى بورانلىق ،
كېمىنى دېڭىزغا چۆكتۈرۈپ سىزدى.
ئارقىدىنلا ئۆزى سىزغان رەسىمگە قاراپ
ئۆن سېلىپ ئۇزۇن يىغلىدى.

2019 - يىل 27 - مارت



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com